# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

مىللەتلەر نەشرىياتى

## مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................ 1
بىرىنچى باب جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
تۈزۈمى ........................................ 24
بىرىنچى بۆلۈم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى
يولغا قويۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى...... 27
ئىككىنچى بۆلۈم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
دېگەن نېمە؟ ........................... 31
ئۈچىنچى بۆلۈم مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
قۇرۇلۇشى ........................................ 36
ئىككىنچى باب مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر
قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ........................ 54
بىرىنچى بۆلۈم دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى
ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇن ـ نىزاملار...... 54
ئىككىنچى بۆلۈم دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىل ـ
دىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى ـ
يىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ...... 62
ئۈچىنچى بۆلۈم 1954 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇن ئېلان

قىلىنغاندىن كېيىنكى مىللىي تېررىتورىدە-
يىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق
قۇرۇلۇشى ........................... 79
تۆتىنچى بۆلۈم 1982 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرى-
سىدىكى يېڭى بەلگىلىمىلىرى ........... 93
ئۈچىنچى باب «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ
تۈزۈلۈشى ................................ 98
بىرىنچى بۆلۈم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
قانۇنىنى تۈزۈشتىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە
ئاساسىي پرىنسىپ ...................... 98
ئىككىنچى بۆلۈم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى
يولغا قويۇشتىكى تارىخىي تەجرىبىلەر-
نىڭ ئىلمىي يەكۈنى ..................... 109
تۆتىنچى باب مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە
ئورگانلىرى ............................... 121
بىرىنچى بۆلۈم مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتو-
نومىيە ئورگانلىرى دېگەن نېمە؟......... 121
ئىككىنچى بۆلۈم ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ خاراك-
تېرى ....................................... 126
ئۈچىنچى بۆلۈم ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىل

قىلىنىشى ........................... 136
بەشىنچى باب مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە
ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقى ......... 142
بىرىنچى بۆلۈم ئاپتونومىيە هوقۇقىنىڭ خاراكتېرى...... 142
ئىككىنچى بۆلۈم ئاپتونومىيە هوقۇقىنىڭ ئاساسىي
مەزمۇنى ............................ 146
ئالتىنچى باب دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا
قاراتقان رەھبەرلىكى ۋە بەرگەن ياردىمى...... 185
بىرىنچى بۆلۈم دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا
رەھبەرلىك قىلىش پرىنسىپى............ 187
ئىككىنچى بۆلۈم دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە
مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە
ياردەم بېرىشتىكى مۇھىم مەسئۇلىيىتى
.................................. 203
ئۈچىنچى بۆلۈم يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى
بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى
مۇۋاپىق تەڭشەش .................. 212
يەتتىنچى باب دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللەتلەر-
نىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈش .............................. 218

بىرىنچى بۆلۈم دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك
قىلىش ........................................ 218
ئىككىنچى بۆلۈم تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق
ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي
مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇ-
رۇش ........................................ 222
ئۈچىنچى بۆلۈم مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈش پرىنسىپى........................................ 231
سەككىزىنچى باب «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ
يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ...... 236
بىرىنچى بۆلۈم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ
دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى يولغا
قويۇش ........................................ 242
ئىككىنچى بۆلۈم گوۋۇيۈەننىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك يەرلىك
دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كاپالىتىنى يولغا
قويۇش ........................................ 247
ئۈچىنچى بۆلۈم مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىزچىل يولغا
قويۇلۇشى ........................................ 257

تۆتىنچى بۆلۈم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇش............... 264
قوشۇمچە:
1. جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-
نىڭ نامى ۋە قۇرۇلغان ۋاقتى ....................... 276
2. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلار ۋە كۆپ مىللەتلىك ئۆلكىلەر
تۈزگەن مىللەتلەر توغرىسىدىكى ئايرىم قانۇن-نىزام-
لار مۇندەرىجىسى (1949 — 1953-يىللىغىچە) ......... 286
3. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار 1955-يىلىدىن
1966-يىللىغىچە تۈزگەن ئايرىم نىزاملارنىڭ
مۇندەرىجىسى ..................................... 298

# مۇقەددىمە

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى خەنزۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللەتلەر ھەمكارلىقىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب يولىغا بىللە مېڭىپ، جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىللىي زۇلۇم تۈزۈمىنى يوقىتىپ، ئورتاق ئازادلىققا ئېرىشتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت نەزەرىيىۋى قورالنى تەتبىق قىلىپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئىچىدە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ، 30 نەچچە يىللىق مۇساپىنى يەنە بىرلىكتە بېسىپ ئۆتتى. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى داۋاملىق تۆردە يەنە مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە تەۋرەنمەي ئالغا بېسىۋېرىدۇ.

ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى

ئاساسي قائىدىسى بويىچە، جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى بويىچە، جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، جۇڭگودەك بۇنداق كۆپ مىللەتلىك مەملىكەتتە، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقاتقاندىن كېيىن، مىللىي مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىش ئۈچۈن بىز تۆۋەندىكى بىرنەچچە مۇھىم پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ كەلدۇق.

بىرىنچى، مىللەتلەر بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپى.

بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە سۈپىتىدىكى ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە تارىخ سەھنىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. 1848-يىلى ماركس بىلەن ئېنگېلس «مۇقەددەس ئائىلە ياكى تەنقىدىي تەنقىد قىلىش ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەنقىد» دېگەن ماقالىسىدە: "قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەربىر مىللەت بەزى جەھەتلەردە باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن تۇرۇپ كەلدى"① دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئېنگېلس ئىرلاندىيە، پولشا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپادىكى ئېزىلگۈچى ئاجىز مىللەتلەر مەسىلىسىنى بايان قىلغان

---

① «ماركس ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 2-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1957-يىل نەشرى، 194-بەت.

چېغىدا، بۇ ئاجىز، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس "ھاياتىي كۈچ"كە ئىگە ئىكەنلىكىنى، "دەل ھەرقايسى ئەل ئىشلىرى ئۆزى ئۈچۈن تەلەپ قىلغان مۇستەقىل، مىللىي ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە"① ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغاندى. دېمەك، ھەربىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە، ھەربىر مىللەت ئۆزىنىڭ "ھاياتىي كۈچ"كە ۋە ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە. ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ بۇ ئۇقتىنەزەرى تارىختىن بۇيانقى فېئودالالار سىنىپى ۋە بۇرژۇئا سىياسىي ئوبزورچىلىرىنىڭ مىللەت-لەرنى كەمسىتىدىغان ۋە مىللىي ئىمتىيازنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەرخىل-ھەر ياڭرا مۇقاملىرىغا ئاشكارا قارشى قويۇلغان بولۇپ، پرولېتارىياتنىڭ مىللەتكە ۋە مىللىي مەسىلىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشتىكى تۈپ مەۋقەسى، ماركسىزمنىڭ مىللەت ۋە مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ.

ستالىنمۇ، ماۋزېدۇڭمۇ ماركس، ئېنگېلسنىڭ بۇ ئۇقتىنەزەرلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بايان قىلدى. 1948-يىلى، ستالىن «فىنلاندىيە ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن چۈشلۈك زىياپەتتە قىلىنغان سۆز»دە مۇنداق دېگەنىدى: "ھەربىر مىللەت، مەيلى ئۇ چوڭ ياكى كىچىك مىللەت بولسۇن، ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىگە، باشقا

① «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 16-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1964-يىل نەشرى، 175-بەت.

مىللەتلەردە تېپىلمايدىغان ۋە شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ھەربىر مىللەتنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسى سۈپىتىدە ئۇ خەزىنىنى تولۇقلىغان ۋە بېيىتقان بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بارلىق مىللەتلەر، ئۇلارنىڭ چوڭ ياكى كىچىك مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەربىر مىللەت باشقا ھەرقانداق مىللەتكە ئوخشاشلا مۇھىم."① 1956-يىلى ماۋزېدۇڭ «ئون چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: "ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ، بولمىسا ئۇ قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟ قانداق راۋاجلىنالايدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىمۇ بولىدۇ." ئۇ يەنە كونكرېت قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگو تارىخىغا تۆھپە قوشقان."

ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللەتلەر توغرىسىدىكى توغرا تونۇشىغا ئاساسەن، دۆلىتىمىز مىللەتلەر ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى ھەمدە خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھۆرمەت قىلىشى لازىملىقىنى

---

① سوۋېت ئىتتىپاقى «خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ 1948-يىل 4-ئاينىڭ 13-كۈنىدىكى سانىدىن.

تەكىتلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى.

ئىككىنچى، مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولۇش پرىنسىپى.

ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ «مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىنى تەلەپ قىلىش»① توغرىسىدىكى پرىنسىپى پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ تۈپ مەيدانىدا تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ بۇ پرىنسىپى 17 ۋە 18-ئەسىرلەردىكى ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسىي ئوبزورچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان "مىللەتلەر باراۋەر بولسۇن" دېگەن شوئارغا ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. يېقىنقى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ تارىخىي تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىغا قويغان "مىللەتلەر باراۋەر بولسۇن" دېگەن شوئار كاپىتالىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئاكتىپ تارىخىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ شوئار ھەرقايسى ئەل بۇرژۇئازىيىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللىي بازارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئەڭ ياخشى شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدىغان نوقۇل مىللىي دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىسىگە بويى-

① لېنىن: «مىللىي مەسىلىگە دائىر تېزىسلار»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 19-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1959-يىل نەشرى، 238-بەت.

ـسۇندۇرۇلغان. ياۋروپا بۇرژۇئا سىياسىي ئۇبزورچىلىرى "مىللەت-
لەر باراۋەر بولسۇن"دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مىللىي
مەنپەئەتپەرەسلىك مەيدانىنى ئاساس قىلغان، ئۇلار دۇنيادىكى
مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىنى ھەقىقىي تەشەببۇس
قىلمايدۇ، بىرەر مەملىكەتنىڭ بۇرژۇئازىيىسى مۇستەقىل مىللىي
دۆلەتنى ھەقىقىي تۇردە قۇرۇپ كۈچەيگەندىن كېيىن، "مىللەت-
لەر باراۋەر بولسۇن"دېگەن شوئارنى دەرھال چۆرۈۋېتىپ،
ئوچۇقتىن-ئوچۇق مىللەتلەرنى تالان-تاراج قىلىش ۋە مۇس-
تەملىكىچىلىك قىلىپ تاجاۋۇز قىلىش، ئېزىش سىياسىتىنى
يۈرگۈزىدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "مىللەتلەرنىڭ
بىردەك باراۋەر بولۇشىنى ئېلان قىلىش، بۇرژۇئازىيىنىڭ قارد-
شىچە، بىر خىل ئالدامچىلىق، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ — راست
گەپ، بۇ راست گەپ بارلىق مىللەتلەرنى تېزدىن يېنىمىزغا
تارتىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ."①

ماركسىزم-لېنىنىزم تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن مىللەتلەر
بىردەك باراۋەر بولۇش پرىنسىپى تۆۋەندىكى بىرنەچچە مۇھىم
مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشى دۇنيادىكى بارلىق

① لېنىن: «پ. كىيېۋىسكى (يۇ. پىداكوۋ)غا جاۋاب»، «لېنىن
ئەسەرلىرى»، 23-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958-يىل نەشرى،
16-بەت.

مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىنى ھەم كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەلقئارا جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇھىمى، مۇستەملىكىلەر ۋە تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەر، تەرەققىي تاپمىغان رايونلاردىكى مىللەتلەرنى پۈتۈنلەي باراۋەر ھالدا دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم؛ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ ئۆز ئىچىدىن ئېيتقاندا، مىللەتلەر چوڭ ياكى كىچىك دەپ ئايرىلماي، بىردەك باراۋەر بولۇشى كېرەك. مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىنى ھەقىقىي تۇردە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش، يەنى سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىش لازىم. ئادەمنى ئادەم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئەھۋال يوقالغان ھامان، مىللەتنى مىللەت ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئەھۋالمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ؛ مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدىكى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق يوقالغان ھامان، مىللەتلەر ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. خەلقئارا جەھەتتىن ئېيتقاندا، جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىنى يوقىتىش لازىم؛ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ ئۆز ئىچىدىن ئېيتقاندا، مىللىي زۇلۇم تۈزۈمىنى يوقىتىش لازىم. بۇ يەردىكى ئەڭ ماھىيەتلىك مەسىلە شۇكى، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىنىپنى يوقىتىش لازىم.

2. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىللىي ئىمتىيازغا قارشى تۇرۇش لازىم. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: نېمىس مىللىتى ئۆزىنىڭ "ھەقىقىي" "ئىنقىلابىي مىللەت" ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، "ئۆزى ئەركىنلىككە ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ كەلگەن خەلقنىمۇ ئەركىنلىككە ئىگە قىلىشى كېرەك."① لېنىن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە بۇ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. چار روسىيىدىن ئىبارەت "مىللەتلەر تۈرمىسى"ئالدىدا 1913 ـ يىلى لېنىن: "سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئۆزۈل ـ كېسىل دېموكراتىك بولغان دۆلەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بىرەر مىللەت ياكى بىرنەچچە مىللەتكىلا پايدىلىق بولغان ھەر- قانداق ئىمتىيازغا قارشى تۇرىدۇ"② دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. لېنىن ھەرقانداق مىللەتتە ھېچقانداق ئىمتىيازنىڭ بولماسلىقى كېرەكلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ باپباراۋەر بولۇشىنى قايتا ـ قايتا

---

① «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 5 ـ توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958 ـ يىل نەشرى، 95 ـ بەت.

② لېنىن: «مىللىي مەسىلىگە دائىر تېزىسلار»، «لېنىن ئەسەر- لىرى»، 19 ـ توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1959 ـ يىل نەشرى، 238 ـ بەت.

ئەكىتلىگەن.① لېنىن يەنە بارلىق فېئوداللىق زۇلۇمنى، بارلىق مىللىي زۇلۇمنى، بىرەر مىللەت ياكى بىرەر تىلنىڭ بارلىق ئىمتىيازلىرىنى يوقىتىشنىڭ پرولېتارىياتنىڭ "مۇتلەق ۋەزىپىسى"② ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

3. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە ئەگەر مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەر بولۇشىنى يولغا قويۇش ئادەتتىكىچىلا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان بولسا، بۇ بەكمۇ يېتەرسىز بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ ماھىيەتلىك مەسىلە چوڭ مىللەت ئۆز دۆلىتى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى شەرت دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. لېنىن: "ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپى باپباراۋەر بولۇش پرىنسىپى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ"③ دېگەن. كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ھەقىقىي تۈردىكى مىللەتلەر باپباراۋەر بولۇش

---

① لېنىن: «مىللىي سىياسەت مەسىلىسى توغرىسىدا»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 20 ـ توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958 ـ يىل نەشرى، 217 ـ بەت.

② لېنىن: «مىللىي مەسىلە توغرىسىدا تەنقىدىي پىكىر»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 20 ـ توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958 ـ يىل نەشرى، 18 ـ بەت.

③ لېنىن: «مىللىي مەسىلە توغرىسىدا تەنقىدىي پىكىر»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 20 ـ توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958 ـ يىل نەشرى، 26 ـ بەت.

پرىنسىپنى يولغا قويماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن شۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك هوقۇقىغا قەتئىي تۈردە كاپالەتلىك قىلمايدىغان بولسا، "باپباراۋەر بولۇش" دېگەن نېمە بىر قۇرۇق گەپتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك هوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، لېنىننىڭ تەلىپى بويىچە، بىرىنچىدىن، "بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ هوقۇقىنى شەرتسىز قوغداش" لازىم①، ئىككىنچىدىن، "ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ بارلىق ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە ھەققانىي ئارزۇلىرىنى باراۋەرلىك ئاساسىدا قاندۇرۇش" لازىم②. ستالىن لېنىننىڭ بۇ نۇقتىئىنەزىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھلىدى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە جەھەتتىن (تىل، مەكتەپ ۋە باشقا جەھەتلەردىن) مىللىي باراۋەرلىكنى يولغا قويۇش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكەتنى تولۇق دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئاساسىدا، مىللەتلەرنىڭ ھەرقانداق ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇشىنى

① لېنىن: «لاتۋىيە چېگرا رايون سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى 4-قۇرۇلتىيىنىڭ پروگراما لايىھىسى»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 19-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1959-يىل نەشرى، 100-بەت.

② لېنىن: «مىللىي مەسىلە توغرىسىدا تەنقىدىي پىكىر»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 20-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958-يىل نەشرى، 27-بەت.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىغا ھەرقانداق يول بىلەن توسقۇنلۇق قىلىش ۋە چەك قويۇشنى مۇستەسناسىز ھالدا مەنئى قىلىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك قانۇن چىقىرىش كېرەك." ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "شۇنداق قىلغاندا، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا قەغەز يۈزىدە ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي تۈردە كاپالەت بەرگىلى بولىدۇ."①

دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەت بېرىش ئۈچۈن، لېنىن مۇنداق دەپ تەكىتلىگەن: دېموكراتىك دۆلەتتە جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىدە، ھەرقانداق بىر تارمىقىدا ھەرقانداق بىر مىللەتتە "باشقا مىللەتلەرگە يوغانچىلىق قىلىدىغان ھادىسە" نىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ②.

دۆلىتىمىز قەتئىي تۈردە مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولۇش پرىنسىپىنى يولغا قويۇپ كەلدى. 1949-يىلى ئېلان قىلىنغان "جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى نىڭ ئورتاق پروگراممىسى"دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن:

---

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە»، «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 186-بەت

② لېنىن: «مىللىي سىياسەت مەسىلىسى توغرىسىدا»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 20-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958-يىل نەشرى، 218-بەت.

"جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىچىدىكى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر"، "ھەممىسىنىڭ باراۋەر ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار"، "مىللەتلەر ئارا كەمسىتىش مەنئى قىلىنىدۇ". «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ھەممە مىللەت باپباراۋەر"، دۆلەت "ھەرقانداق مىللەتنى كەمسىتىش ۋە ئېزىشنى مەنئى قىلىدۇ".

ئۈچىنچى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش پرىنسىپى.

ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش پرىنسىپى پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمى پرىنسىپىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى كونكرېت گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ــ "پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!" دېگەن بۇ خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىدىغان پروگراممىسىنىڭ تەرەققىياتى. دەل پرولېتارىيات دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ، ئېنگېلس 1847 ـ يىلى لوندوندا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىدا "ھەرقايسى مىللەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ قېرىنداشلىق ئىتتىپاقىغا ھەرقايسى مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ قېرىنداشلىق ئىتتىپاقى ئارقىلىق قارشى تۇرۇش لازىم"لىقىنى① ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېنىن روسىيە ئىنقىلابىغا

① «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 495 ـ بەت.

رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا ھەرقايسى مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى باشتىن ـ ئاخىر تەكىتلىگەن، ئۇ : "بارلىق مىللەت-لەرنىڭ ئىشچىلىرى ئىتتىپاقلىشىشى ۋە بىرلىشىشى كېرەك" لىكىنى① ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

دۆلىتىمىز ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ بارلىق مىللەت ئىشچىلىرى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم دېگەن پرىنسىپىغا ئاساسەن، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇردى. بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، بۇ ــ جۇڭگو خەلقى كونا جۇڭگونىڭ تارىخىي تەجرىبە-لىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ چىقارغان توغرا يەكۈن. خۇددى ماۋ زېدۇڭ 1951 ـ يىلى كۆرسەتكەندەك: "جاھانگىرلىكنىڭ ئىل-گىرى جۇڭگونى بوزەك ئېتىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى جۇڭگو-دىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق بولمىغانلىقى ئىدى، لېكىن بۇ دەۋر مەڭگۈ ئۆتۈپ كەتتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن، جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، دوس-تانە ھەمكارلىشىدىغان چوڭ ئائىلىنى تەشكىل قىلدى، بۇ ھەرقان-داق جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا ھەمدە ۋەتىنىمىزنى گۈللەنگەن قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا

① لېنىن: «مىللىي سىياسەت مەسىلىسى توغرىسىدا»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 20 ـ توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958 ـ يىل نەشرى، 217 ـ بەت.

كۇپايە قىلىدۇ.“① بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلىگەندە،
ھەم ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە باشقا
ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، ھەم چوڭ ياكى كىچىك
مىللەت دەپ ئايرىماي، ھەممە مىللەتنىڭ بىردەك ئىتتىپاق
بولۇشىنى، شۇنىڭدەك يەنە ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى يۇقىرى
قاتلام مىللىي ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار
بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئىتتىپاق-
لىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى كۆزدە
تۇتىمىز. ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەن: ”بىز ھەرقايسى مىللەتلەر
بىلەن ئىتتىپاقلىشىمىز، چوڭ ياكى كىچىك مىللەت بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىز لازىم. مەسىلەن،
ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى ئىككى مىليونمۇ يەتمەيدۇ، بىز
ئۇلار بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشىمىز لازىم. جۇڭگو ئۇلار بولىدىكەن،
مىللەت ئايرىمايمىز، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغان، ۋە-
تەنپەرۋەرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىكى مىللەت
بولسا، بىز ئۇلار بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشىمىز لازىم.“② بىز تەكىتە-

---

① ماۋزېدۇڭ: «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ئامېرىكا جاھان-
گىرلىككە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋەكىللەر
يىغىنىغا ئەۋەتىلگەن جاۋاب تېلېگرامما»، «خەلق» گېزىتىنىڭ
1951-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈندىكى سانىدىن.

② ماۋزېدۇڭ: «شىزاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇق»، «شىنـ-
خۇا» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1954-يىللىق 7-سانىدىن.

لەۋاتقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مىللەتلەرنىڭ ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىشتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقىدىن، مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدىكى ياردەملىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشىدىن ئىبارەت. جۇ ئېنلەي مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، بۇمۇ تارىختىن قال-غان، ئىقتىسادىي بازىس جەھەتتە شۇنداق، ئۇستقۇرۇلما جەھەت-تىمۇ شۇنداق. تەكشىلىككە يۈزلىنىش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىشىشىغا ۋە ياردەملىشىشىگە توغرا كېلىدۇ، يەككە-يېگانە تەرەققىي قىلىش ئۈستىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ."①

تۆتىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىشلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇش پرىنسىپى.

مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئىشلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە باشقۇرۇشى ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى. ماركس 1848-يىلىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "بىز قوپال ئاۋسترىيە چېرىكلىرىنىڭ ئىتالىيە خەلقىنى ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان سىياسىي تۈزۈمنى

① جۇ ئېنلەي: «دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «جۇ ئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى»، 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 467-بەت.

كۆپايە قىلىدۇ."① بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلىگەندە،
ھەم ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە باشقا
ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، ھەم چوڭ ياكى كىچىك
مىللەت دەپ ئايرىماي، ھەممە مىللەتنىڭ بىردەك ئىتتىپاق
بولۇشىنى، شۇنىڭدەك يەنە ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى يۇقىرى
قاتلام مىللىي ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار
بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئىتتىپاق-
لىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى كۆزدە
تۇتىمىز. ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەن: "بىز ھەرقايسى مىللەتلەر
بىلەن ئىتتىپاقلىشىمىز، چوڭ ياكى كىچىك مىللەت بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىز لازىم. مەسىلەن،
ئېلىمىزدىكى نۇرغۇن ساندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، ئۇلار
كىچىك مىللەت، نۇپۇسى ئاز... [see note]

ئېلۇنچۇن مىللىتىنىڭ ئاھالىسى ئىككى مىڭغىمۇ يەتمەيدۇ، بىز
ئۇلار بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشىمىز لازىم. جۇڭگولۇقلا بولىدىكەن،
مىللەت ئايرىمايمىز، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىكى مىللەت
بولسا، بىز ئۇلار بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشىمىز لازىم."② بىز تەكىت-

① ماۋزېدۇڭ: «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ئامېرىكا جاھان-
گىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋەكىللەر
يىغىنىغا ئەۋەتىلگەن جاۋاب تېلېگرامما»، «خەلق» گېزىتىنىڭ
1951-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى سانىدىن.

② ماۋزېدۇڭ: «شىزاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇق»، «شىن-
خۇا» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1954-يىللىق 7-سانىدىن.

لەۋاتقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مىللەتلەرنىڭ ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىشتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقىدىن، مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدىكى ياردەملىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشىدىن ئىبارەت. جۇ ئېنلەي مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، بۇمۇ تارىختىن قالغان، ئىقتىسادىي بازىس جەھەتتە شۇنداق، ئۇستقۇرۇلما جەھەتتىمۇ شۇنداق. تەكشىلىككە يۈزلىنىش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىشىشىغا ۋە ياردەملىشىشكە توغرا كېلىدۇ، يەككە-يېگانە تەرەققىي قىلىش ئۈستىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ."①

### تۆتىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىشلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇش پرىنسىپى.

مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئىشلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە باشقۇرۇشى ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى. ماركس 1848-يىلىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "بىز قوپال ئاۋستىرىيە چېرىكلىرىنىڭ ئىتالىيە خەلقىنى ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان سىياسىي تۈزۈمنى

① جۇ ئېنلەي: «دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «جۇ ئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى»، 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 467-بەت.

ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ئىرادىسى بويىچە ئاللىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئىتالىيىدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىمىز."①

كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، مىللەتلەر ئۆز ئىچىدىكى ئىشلارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ئارزۇسى بويىچە باشقۇرۇش چارىسى — ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى. لېكىن مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىشلارنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇشىنىڭ كونكرېت شەكلى دۆلەتلەرنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، ھەتتا بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن پەرقلىق بولىدۇ.

جۇ ئېنلەي مۇنداق دېگەن: "تارىخىي تەرەققىيات تۈپەيلىدىن مىللەتلەر چوڭ ئائىلىمىزدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدىن باشقىچە شەكىل قوللىنىشقا توغرا كەلدى. ھەربىر دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات ئەھۋالى بولىدۇ، شۇڭا باشقىلارنىڭ چارىسىنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ قوللىنىشقا بولمايدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە چارىسىنى قوللىنىش بىزگە تامامەن باب كېلىدۇ."②

① ماركس: «ئىتالىيە گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىگە يېزىلغان خەت»، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 5-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958-يىل نەشرى، 8-بەت.

① جۇ ئېنلەي: "دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا"، "جۇ ئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى"، 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 460-بەت.

جۇڭگو مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قوللانغان ئاساسىي شەكىل جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنى يەنى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنى قۇرۇپ، مىللەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇش شەكلى بىلەن باشقۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

بەشىنچى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش پرىنسىپى.

ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلەتلەر بولۇپمۇ ھوقۇقىنى مەركەزگە توپلاش تۈزۈمىدىكى كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى قالاق ۋە تارقاق ھالەتتىن بىرلىككە قاراپ ماڭغان تارىخنىڭ مەھسۇلىدۇر. ماركسىزم كلاسسىكلىرى ھەمىشە كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. 1850-يىلى ماركس بىلەن ئېنگېلس گېرمانىيە ئىشچىلىرى "بۆلۈنمەس بىر پۈتۈن گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى قەتئىي تۈردە بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك"① دەپ ئېنىق تەشەببۇس قىلغانىدى.

① ماركس، ئېنگېلس: «مەركىزىي كومىتېتنىڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا مۇراجىئىتى»، «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 661-بەت.

ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەبىلىلەرنىڭ تارقاق ياشايدىغان ۋە ئۆزلىرىنى بىكىنمە ھالەتتە قالدۇرىدىغان قالاق تۈزۈملىرىنى بۇزۇپ تاشلاشقا، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قويۇقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنى تەشكىل قىلغان بولسىلا، ماركسىزمچىلار ھېچقانداق فېدېراتىپ تۈزۈمنىڭ پرىنسىپلىرىنى يولغا قويۇشنى ھەرگىز تەشەببۇس قىلمايدۇ، ھوقۇقنى بۆلىدىغان ھېچقانداق تۈزۈمنى يولغا قويۇشنىمۇ تەشەببۇس قىلمايدۇ. ھوقۇقنى مەركەزگە توپلاش تۈزۈمىدىكى چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارقاق ھالەتتىن كەلگۈسىدە دۇنيا بويىچە سوتسىيالىزم ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بىرلىككە قاراپ تاشلانغان غايەت زور بىر تارىخىي قەدەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ"①. لېنىن مۇنداق دەپ قارىغان: "چوڭ دۆلەت ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى كىچىك دۆلەتكە قارىغاندا تېخىمۇ ئۈگۈشلۈق ئورۇنلىيالايدۇ، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش

① لېنىن: «مىللىي مەسىلە توغرىسىدا تەنقىدىي پىكىر»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 20-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958-يىل نەشرى، 29-بەت.

ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىيالايدۇ."①

تارىختا شەكىللەنگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ماركسىزمنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم بىر پرىنسىپى. كۆپ مىللەتلىك بۇ دۆلەتلەر ئۆز ئىچىدە ھوقۇقنى مەركەزگە توپلاش تۈزۈمى شەكلىدىكى بىرلىكنى قوللانامدۇ ياكى فېدېراتىپ تۈزۈمى شەكلىدىكى بىرلىكنى قوللانامدۇ ۋە ياكى ھوقۇقنى بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمى شەكلىدىكى باشقا بىرلىكنى قوللانامدۇ دېگەن مەسىلىدە بولسا، ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلار ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىلدە، ئوخشاش بولمىغان كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، يۇگوسلاۋىيە، جۇڭگو قاتارلىق كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتىغا ۋە خەلقئارا شارائىتقا قاراپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ بىرلىكىنى ئوخشاش بولمىغان مىللىي دۆلەت قۇرۇلمىسى شەكلىنى قوللىنىش يولى بىلەن قوغدىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى

① لېنىن: «مىللىي سىياسەت مەسىلىسى توغرىسىدا»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 20-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958-يىل نەشرى، 217-بەت.

ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، مەملىكىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلدى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئايرىلماس قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى.

ئالتىنچى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش پرىنسىپى.

پرولېتارىيات دۇنيا ئىنقىلابى داۋامىدا مىللىي زۇلۇمنى يوقىتىپ، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، يەنە مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاق ھالىتىنىمۇ يوقىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە گۈللەندۈرىدۇ، بۇ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى يەنە بىر مۇھىم پرىنسىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتە ماركسىزمچىلار بىلەن غەيرىي ماركسىزمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم بىر پەرق شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، مەملىكەت بويىچە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان، مىللىي زۇلۇم تۈزۈمىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ماركسىزمچىلار مىللەتلەرنىڭ قانۇندا بىردەك باراۋەر بولۇشىنى ئېلان قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، بەلكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن

كېيىن، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلگىرىكى ئېزىلگۈچى، ئارقىدا قالغان مىللەتلەرگە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى تېزدىن راۋاجلاندۇرۇشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى ۋە تۈرتكە بولدى. مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "بىز ئۆزىمىزگە قارىغاندا قالاق بولغان ۋە زۇلۇمغا كۆپرەك ئۇچرىغان خەلقلەرگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە 'مەدەنىيەت جەھەتتە خالىسانە ياردەم' بېرىشىمىز، پولشا سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ماشىنىلارنى ئىشلىتىپ ئەمگەكنى يېنىكلىتىپ، دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزمنى يولغا قويۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز لازىم."①

مەملىكىتىمىز مىللەتلەرنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئورتاق گۈللەندۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. جۇ ئېنلەي مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "بىز مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇشىنىمۇ، ھەممە مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرىمىز. مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي

① لېنىن: «ماركسىزمغا قىلىنغان مەسخىرە ۋە 'جاھانگىرلىك ئىقتىسادىي ۋازلىقى' توغرىسىدا». «لېنىن ئەسەرلىرى»، 23-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1958-يىل نەشرى، 62-بەت.

سياسەت جەھەتتىكى تۇپ مەيدانى.»①

بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش پۈتكۈل سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى چاپسان راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش دۆلەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى تەرەققىي قىلىش ۋە ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش — پۈتكۈل دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى.»②

جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بىزنىڭ مىللىي خىزمىتىمىز ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاساسىي پرىنسىپلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ

① جۇ ئېنلەي: «دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا». «جۇ ئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى»، 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 472-بەت.

② ماۋ زېدۇڭ: 1953-يىل 10-ئاينىڭ 18-كۈنى «شىزاڭنىڭ دۆلەت بايرىمى مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۆمىكىنى قوبۇل قىلغان چاغدا قىلىنغان سۆز».

بېرىلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى دەل مۇشۇ پرىنسىپلارنىڭ مەركەزلىك گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# بىرىنچى باب

# جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنلىرىدىن بىرى. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تۈزۈملەشتۈرىدىغان قانۇنىي بەلگىلىمە. جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى جۇڭگودىن ئىبارەت مۇشۇ زېمىندا بارلىققا كەلگەن، ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك چوڭ بىر دۆلەت. ئۇنى "چوڭ" دەپ ئاتاشتىكى سەۋەب شۇكى، مىللەت قۇرۇلمىسى ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، مىللەت كۆپ، ئاھالە كۆپ، جۇڭگونىڭ "چوڭ" بولۇشى بىر مىلياردقا يېقىن خەنزۇ مىللىتىنىڭلا بولغانلى-

قىدىن ئەمەس، يەنە 67 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە 50 نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنىڭمۇ بولغانلىقىدىن. ئىككىنچىدىن، زېمىنى كەڭ بولۇپ، 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، يەنە كېلىپ ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار كەڭ بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، تارىخى ئۇزۇن، بۇ تارىخنىڭ ئادەتتىكى مەنىدىكى ئۇزۇن بولۇشى ئەمەس، بەلكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت تارىخىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدىن ئىبارەت، يەنى بۇ تارىخ خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان خەن، تاڭ، سۇڭ ۋە مىڭ سۇلالىلىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان شىمالىي ۋېي، نەنجاۋ، تۇبۇت، لياۋ، جىن، غەربىي شيا ۋە يۈەن، چىڭ سۇلالىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆتىنچىدىن، خەنزۇلارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شانلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ئىگە. دۇنياغا داڭقى كەتكەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتى جۇڭگو زېمىنىدا ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن بۇيانقى مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسىنى، يەنى ھەم جۇڭيۈەندىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى، ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى، ھەم جۇ، چىن سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى خەنزۇ مەدەنىيىتىنى، ھەم ھون، سيانپى، تۈرك، ئۇيغۇر، قىتان، تۇبۇت، تاڭغۇت، جۇرجىت، موڭغۇل، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ھازىرقى 50 نەچچە مىللەتنىڭ مەدەنى-

يىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قىسقىسى، جۇڭگونىڭ "چوڭ" بولۇشى جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ، جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىدىن ئايرىلالمايدۇ. جۇڭگو تارىخىغا قارايدىغان بولساق، دۆلەتنىڭ بۆلۈنۈشى، قوشۇلۇشى، ئۆزگىرىشى، قالايمىقانلىشىشى ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگو تارىخىدىكى زور سىياسىي مەسىلە بولۇپ كەلگەن. ئۆتمۈشتىكى تارىختىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ دائىملىق، ئاساسلىق شەكلى بولغان دېھقانلار ئۇرۇشى مەسىلىسىدىن باشقا، يەنە بىر مۇھىم مەسىلە مىللىي مەسىلىدىن، يەنى مەركىزىي سۇلالە بىلەن چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن. تارىختىكى بۇنداق بۆلۈنۈش، قوشۇلۇش، ئۆزگىرىش ۋە قالايمىقانلىشىش مەسىلىسىدە ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگودا ماھىيەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى، ئەلۋەتتە. دېمەك، تارىختىكى مىللىي زۇلۇم، مىللىي تەڭسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈم يوقىتىلدى، مىللەتلەر باراۋەر بولغان، ئىتتىپاقلاشقان، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت شەكىللەندى ۋە تەرەققىي قىلماقتا. لېكىن، بىز يەنىلا شۇنى دېيىشىمىز كېرەككى، مىللىي مەسىلە، بولۇپمۇ چېگرىدىكى مىللىي رايونلار مەسىلىسى يەنىلا بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۆلىتىمىزنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولالىشى ياكى بولالماسلىقىدىكى ھەل قىلغۇچ مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# بىرىنچى بۆلۈم  مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى

بىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن بۇ كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلىتىمىز شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا، تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەر كۆچۈپ يۈرۈش، ئۆزئارا ئارىلىشىپ كېتىش نەتىجىسىدە، ھەم كەڭ دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، ھەم كىچىك دائىرىدە تەپلىشىش ئولتۇراقلىشىش، ھەم گىرەلىشىپ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، ھەم ئارىلاش ۋە تارقاق ئولتۇراقلىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە سىياسىي تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتە بىر-بىرىگە تايىنىپ بىللە ياشاش مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان.

مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ۋە تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىدا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئالاھىدىلىك بار:

بىرىنچى، ئۇلار ئاساسەن، قۇرۇقلۇقتىكى چېگرا رايونلاردا ۋە دېڭىز بويى رايونلىرىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. قۇرۇقلۇقتىكى چېگرا رايونلاردا ئولتۇراقلاشقانلارنى ئالساق، لياۋنىڭدا مانجۇلار، جىلىندا چاۋشيەنزۇلار، خېيلۇڭجياڭدا خېجېلار، ئىچكى موڭغۇلدا موڭغۇل، داغۇر، ئېۋېنكىلار، شىنجاڭدا

ئۇيغۇر، قازاق، شىبە، قىرغىز، تاجىكلار، شىزاڭدا زاڭزۇلار، يۈننەندە لىسۇ، دەيزۇ، جىڭپو، خانىلار، گۇاڭشىدا جۇاڭزۇلار بار. دېمەك بويى رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشقانلارنى ئالساق، گۇاڭدۇڭ بىلەن خەينەنداۋدا لىزۇ، مياۋزۇلار، تەيۋەندە گاۋشەنلەر بار.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر چېگرا رايونلاردىلا توپلە-شىپ قالماي، ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. مەسىلەن، نىڭشيا، گەنسۇ، خېبېي، چىڭخەيلەردىكى خۇيزۇلار، خۇنەن، گۇيجۇلاردىكى مياۋزۇ، دۇڭزۇلار، گۇاڭدۇڭ، خۇنەن-لەردىكى ياۋزۇلار، خۇنەن، خۇبېي، سىچۈەنلەردىكى تۇجيالار، جېجياڭدىكى شېزۇلار، گۇيجۇدىكى بۇيى، شۇيزۇلار، سىچۈەن-دىكى يىزۇ، جياڭزۇلار، گەنسۇدىكى دۇڭشياڭ، يۇيگۇ، باۋ-ئەنلەر، چىڭخەيدىكى تۇزۇ، سالارلار.

ئۈچىنچى، ئوخشاش بىر ئاز سانلىق مىللەت ھەم بۇ رايوندا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ھەم ئۇ رايوندىمۇ توپلىشىپ ئولتۇ-راقلاشقان. مەسىلەن، خۇيزۇلار ھەم بىرقەدەر كەڭ رايون — نىڭشيادا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ھەم گەنسۇ، شىنجاڭ ۋە خېبېي، چىڭخەي، گۇيجۇ، يۈننەن قاتارلىق جايلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. زاڭزۇلارنى ئالساق، ئۇلار ھەم شىزاڭدىن ئىبارەت كەڭ رايوندا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ھەم چىڭخەي-نىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا، سىچۈەن، گەنسۇ ۋە يۈننەنلەردە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلار بىلەنلا گىرەلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ قالماستىن، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەنمۇ گىرەلىشىپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئازدۇر-كۆپتۇر خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلار ئارىسىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، مەسىلەن، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ مىگسۇن، داچاڭ يېزىلىرىدىكى خۇيزۇلار ئەنە شۇنداق. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئەھۋال بولسا تېخىمۇ كۆپ، مەسىلەن، موڭغۇللار شىنجاڭنىڭ بۆرتالا ۋە بايىنغولىن رايونلىرىدا، شۈيزۇلار گۈيجۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

بەشىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر كەڭ ۋە بىرقەدەر كەڭ رايونلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى يېزا-كەنت دەرىجىلىك ناھىيىدىن تۆۋەن بولغان كىچىك رايونلاردىمۇ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، شۇنىڭدەك يەنە بىرمۇنچىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەھەر-بازار ۋە يېزىلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. نۇرغۇن مىللەتلەردە مۇشۇنداق ئەھۋال بار، بولۇپمۇ خۇيزۇلار ھەممىدىن گەۋدىلىك بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەممە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ھەمدە نۇرغۇن ناھىيىنىڭ يېزا دەرىجىلىك كىچىك جايلىرىدىمۇ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى 67 مىليوندىن

ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىنىڭ تارقاق ئولتۇراقلاشقان ياكى يېزا دەرىجىلىك كىچىك جايلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىرى تەخمىنەن 16 مىليوندىن ئاشىدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر قۇرۇلمىسىنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق (ئەگەر ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ تارقىلىشىدىن قارايدىغان بولساق)، ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋال بار: بىرىنچى خىلدىكىلەر ناھىيىدىن يۇقىرى، كەڭ ياكى بىرقەدەر كەڭ رايونلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلار؛ ئىككىنچى خىلدىكىلەر ناھىيىدىن تۆۋەن، يېزا ۋە كەنت دەرىجىلىك كىچىك رايونلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلار؛ ئۈچىنچى خىلدىكىلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقانلار، ئاساسەن خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان شەھەر-بازارلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقانلار. مەملىكىتىمىزنىڭ ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك، كەڭ ياكى بىرقەدەر كەڭ رايونلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا قوللانغان سىياسىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىدىن؛ ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك، يېزا ۋە كەنت دەرىجىلىك كىچىك جايلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە ئۆز ئىشغا

ئۆزى خوجا بولۇش هوقۇقى مەسىلىسىنى هەل قىلىشتا قوللانغان چارىسى مىللىي يېزا قۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى؛ مەملىكىتىمىز يەنە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت تەركىبىدىكى ئاهالىلەرنىڭ باراۋەرلىك هوقۇقى ۋە تۈرلۈك دېموكراتىيە هوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىشقا بىرقاتار سىياسەتلەرنى قوللاندى. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاهالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ناهىيە-دىن يۇقىرى دەرىجىلىك رايونلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. دۆلەت دەل مۇشۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى مىللىي مەسىلىنى هەل قىلىدىغان تۈپ سىياسەت قىلىپ قوللاندى.

## ئىككىنچى بۆلۈم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دېگەن نېمە؟

جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى دېگەن نېمە؟ ئاساسىي قانۇندا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيە-لىك ئاپتونومىيىمىز دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتو-رىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان

ئاپتونومىيىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق بىرنەچچە نۇقتا بار:

بىرىنچى، بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىمىز مەزمۇنى يوق، ئابستراكت "مىللىي ئاپتونومىيە" ئەمەس، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللەتنى بىرلىك قىلغان ئاپتونومىيىسى ئەمەس، ئۇنى مىللەت قۇرۇلمىسى بىزنىڭكىدەك بۇنداق دۆلەتتە تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن، ئۇ ئاقمايدۇ. مەسىلەن، خۇيزۇلار 7 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرگە تارالغان. ئۇلار كۆپرەك تارقالغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر 11گە يېتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ خۇيزۇلارنى بىرلىك قىلغان ئاپتونومىيىنى يولغا قويغىلى بولسۇن؟ ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساق، ئۇ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخىدا تەنقىد قىلىنغان "مىللىي مەدەنىيەت ئاپتونومىيىسى"دىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ئالدامچىلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئاپتونومىيە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا يولغا قويۇلىدىغان تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ئاپتونومىيىلىك جايلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نىڭشيادا قۇرۇلغان ئاپتونوم رايون؛

گەنسۇدىكى لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان لىنشيادا قۇرۇلغان ئاپتونوم ئوبلاست؛ شىنجاڭدىكى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان سانجىدا قۇرۇلغان ئاپتونوم ئوبلاست.

ئىككىنچى، بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىمىز ئادەتتىكى "يەرلىك ئاپتونومىيە" ئەمەس، ئاددىي ھالدا جايلارنى بۆلۈۋېلىپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى يولغا قويىدىغان ئاپتونومىيە ئەمەس، ئۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدىغان مىللەت ھېسابلانمايدۇ. بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىمىز تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت ئۆزى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا يولغا قويىدىغان ئاپتونومىيە. مەسىلەن، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى موڭغۇل مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلىپ بېكىتىلگەن ئاپتونوم رايون، پەقەت موڭغۇللارلا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايوندا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدىغان مىللەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىچكى موڭغۇلدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئاپتونوم رايوندا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدىغان مىللەت بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. شىنجاڭدىكى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى موڭغۇل مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلىپ بېكىتىلگەن ئاپتونوم ئوبلاست، پەقەت موڭغۇللارلا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم

ئوبلاستىدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان مىللەت
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ بايىنغۇلىندا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئاپتونوم ئوبلاستتا تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان مىللەت بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس.
ئۈچىنچى، بىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىمىزخەلقئا-
رادا فېدېراتسىيىنى يولغا قويغان دۆلەتلەردىكىدەك "فېدېراتسىيە"
ئەمەس، شۇنداقلا خەلقئارادىكى ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈمىنى
يولغا قويغان دۆلەتلەردىكىدەك "ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت"
ئەمەس بىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىمىز دۆلەتنىڭ بىر
تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى يەرلىك مەمۇرىي رايونىدىن ئىبارەت،
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ
ئايرىلماس قىسمى ھېسابلىنىدۇ، بىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلىرىمىزنىڭ ئايرىلىپ چىقىش ھوقۇقى يوق.
تۆتىنچى، دۆلەتنىڭ بىر دەرىجىلىك يەرلىك مەمۇرىي رايونى
بولغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىمىز ئادەتتىكى تەڭ
دەرىجىلىك يەرلىك مەمۇرىي رايون بىلەن ئوخشاش، مەسىلەن،
ئاپتونوم رايون ئۆلكە، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر
بىلەن ئوخشاش، ئاپتونوم ئوبلاست ئۆزىگە قاراشلىق رايونلىرى
بار شەھەرلەر بىلەن ئوخشاش، ئاپتونوم ناھىيە ئادەتتىكى
ناھىيىلەر بىلەن ئوخشاش، بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ بىر
دەرىجىلىك يەرلىك مەمۇرىي رايونى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلار يەنە ئادەتتىكى يەرلىك مەمۇرىي رايون-

دىن پەرقلىنىدۇ، ئۇ ــ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيە يۈرگۈزىدىغان جاي، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، بۇ يەردە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت مۇشۇ ئاپتونومىيىلىك جايدىكى ئاساسلىق مىللەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سىچۈەن ئۆلكىسىگە ئوخشاشلا دۆلەتنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك يەرلىك مەمۇرىي رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لېكىن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، شىنجاڭ سىچۈەن ئۆلكىسىدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇ ــ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي، ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت. 1957 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جۇ ئېنلەي "دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا" دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاخىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇشنى بەلگىلىدى، بۇنىڭغا شىنجاڭلىق يولداشلارمۇ قوشۇلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتىلىپ، يەنىلا ئۇيغۇر دېگەن 'قالپاق' كىيگۈزۈلدى، چۈنكى ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا ئاھالىنىڭ 70 نەچچە پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق مىللەت. باشقا مىللەتلەرمۇ بۇ قالپاقنى تەڭ كىيدى."①

① «جۇ ئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 466 ـ بەت.

بەشىنچى، بىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىمىزنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەنى خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويىدىغان ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بولۇپ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە بىر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەم ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك بولغان ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى يۈرگۈزەلمەيدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى گوۋۇيۈەن يەنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى

دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىلا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئىنقىلابىي تايانچ بازىلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھۆكۈمەتلىرىنى قۇرغانىدى.

مەسىلەن، 1936 - يىل 10 - ئايدا①، جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربكە يۈرۈش قىلىپ نىڭشيانىڭ تۇڭشىن رايونى بىلەن خەيۈەننىڭ شەرقىي رايونىغا يېتىپ كەلگەندە، "يۈيخەي ناھىيىلىك خۇيزۇ ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى"نى قۇرغان، بۇ ھۆكۈمەتكە ما خېفۇ رەئىس بولغانىدى. بۇ خۇيزۇ ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى ئەينى ۋاقىتتىكى شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا ئۆلكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان، ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى تۇڭشىن ناھىيىسى-دىكى جەمەدە تۇرغانىدى. يۈيخەي ناھىيىلىك خۇيزۇ ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى ئاران تۇققۇز ئاي بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئەھمىيىتى زور بولغان. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ

① شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا ئۆلكىسىدىكى يۈيخەي ناھىيىلىك خۇيزۇ ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى شىرجۇن يازغان «مىللىي قانۇنچىلىق تەتقىقاتى» دېگەن كىتاب (بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىلىدىكى نەشرى)دا نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1978 - يىلى نەشر قىلغان «خۇيزۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»غا ئاساسەن "1936 - يىل 5 - ئاي" دېيىلگەنىدى. ھازىر جۇڭگو كومپارتىيىسى تۇڭشىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ تارىخي ماتېرىياللارنى توپلاش ئىشخانىسى تۈزگەن «خۇيزۇلار ئازادلىقىنىڭ بېشارىتى — شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا ئۆلكىسىدىكى يۈيخەي ناھىيىلىك ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىگە دائىر تارىخي ماتېرىياللار» (1986 - يىل نەشرى)غا ئاساسەن "1936 - يىل 10 - ئاي" دەپ ئۆزگەرتىلدى.

"خۇيزۇلار ئازادلىقنىڭ بېشارىتى" بولۇپ قالغانىدى، بولۇپمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش يولىدىكى ئەڭ دەسلەپكى بىر قېتىملىق سىنىقى بولغان.

ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان، مىللىي زۇلۇم تۈزۈمى يوقىتىلغان شارائىتتا، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى زادى قانداق ئاساسىي سىياسەتنى قوللىنىپ تۇرۇپ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىدە، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇھىم تەدبىرى ئىچكى موڭغۇلدا ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش ۋاقتىدا بەلگىلىنىپ بولغان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، 1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان، بۇ مەملىكىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كېيىنكى چاغلاردا بىرلىككە كەلگەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايوننىڭ پەيدىنپەي شەكىللىنىشىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى مەملىكىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىدە ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە

توغرا كېلىدۇ.

1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ۋۇلەنفۇ ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسمى "ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى" ئىدى، 1950 ـ يىلىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا① ئاساسەن، "ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن، كېيىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرۇلغان ئاپتونومىيىلىك جايلارمۇ "ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى" دەپ ئاتالماي، بىردەك ئاپتونوم رايونلۇق ياكى ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك "خەلق ھۆكۈمىتى" دەپ ئاتالدى. ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىش ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي

① 1950 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى «مەركەزنىڭ مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامىنى بۇندىن كېيىن "ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى" دەپ ئاتىماسلىق توغرىسىدىكى يوليورۇقى» كۆرسەتمە كۆرسىتىلدۇ.

شەكىللەنگەن، ئۇ موڭغۇل خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىش ۋە دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇش ئاساسىدا قۇرۇلغان، 1947 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى ئۇلانخوتتا ئىدى، ئۇنىڭ دائىرىسىگە ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر قىسىم جايلار يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى خۇلۇنبىر، ناۋېنمورېن، شىڭئەن، شىلىنغول، چاخار قاتارلىق بەش ئايماقلا كىرەتتى، بۇ جايلارنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 540 مىڭ كۋادرات كىلومېترلا كېلەتتى. ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ پۈتۈن شەرقىي شىمالدا غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، 1949 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئىلگىرىكى لياۋبېي ئۆلكىسى ۋەكالىتەن باشقۇرغان جېرىم ئايمىقى بىلەن ئىلگىرىكى رېخې ئۆلكىسى ۋەكالىتەن باشقۇرغان جۇئۇد ئايمىقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سۈييۈەن قاتارلىق جايلارنىڭ ئازاد بولۇشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1949 ـ يىل 12 ـ ئايدا، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلانخوتتىن جاڭجىياكۇغا كۆچۈپ كەلدى، ئۇ چاغدا سۈييۈەن قاتارلىق جايلار تېخى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا قارىمايتتى. 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا سۈييۈەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى ۋە سۈييۈەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇلانچاپ ئايمىقىلىق موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بىلەن ئىكىجۇ ئايمىقىلىق موڭغۇل

ئاپتونوم رايونى ۋە گۈيسۈي شەھەرلىك خۇيزۇ ئاپتونومى①
قۇرۇلدى. 1951 ـ يىل 10 ـ ئايدا، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم
رايونىنىڭ شەرقىغە جايلاشقان چوڭ شىڭئەنلىڭدىكى ئېلۇنچۇن
مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا ئېلۇنچۇن ئاپتونوم
خوشۇنى قۇرۇلدى. 1952 ـ يىل 6 ـ ئايدا، مەركىزىي خەلق
ھۆكۈمىتى كومىتېتى سۈيىيۈەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى بىلەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدىغانلىقىنى
قارار قىلدى؛ 7 ـ ئايدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتى جاڭجياكۇدىن گۈيسۈيغا كۆچۈپ كەلدى. شۇ يىلى
چاخار ئۆلكىسىگە قاراشلىق دولۇن، باۋچاڭ، خۇادې قاتارلىق
ئۈچ ناھىيە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا قوشۇپ بېرىلدى.
1954 ـ يىل 6 ـ ئايدا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى سۈيىيۈەن
ئۆلكىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم

---

① ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار، مەيلى چوڭ
ياكى كىچىك بولسۇن، بىردەك "ئاپتونوم رايون" دەپ ئاتىلاـ
تتى. 1954 ـ يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي
قانۇنى»دا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونوم رايون،
ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە دەپ ئايرىلدۇ، ئىلگىرىكى
ناھىيىدىن تۆۋەن مىللىي ئاپتونوم رايونلار ئەمەلدىن
قالدۇرۇلدۇ ياكى مىللىي يېزا دەپ ئۆزگەرتىلدۇ، دەپ
بەلگىلەنگەن.

رايونغا قوشۇۋېتىشنى ۋە ئىلگىرى سۈيىيۈەن ئۆلكىسىگە تەۋە
بولۇپ كەلگەن ئۇلانچاپ موڭغۇل ئاپتونوم بىلەن ئىككىجۇ
موڭغۇل ئاپتونوم رايوننى ئايماق قىلىپ ئۆزگەرتىشنى، كۆيسۈي
شەھىرىنى كۆكخوت دەپ ئۆزگەرتىپ، كۆكخوت شەھىرى بىلەن
باۋتۇ شەھىرىنى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر
قىلىپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. 1955-يىل 7-ئايدا گوۋۇيۈەن
رېخې ئۆلكىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇرۇن رېخې ئۆلكىسىگە
تەۋە بولۇپ كەلگەن ۋېڭنيۇت، خارچىن، ۋۇدەن، چىفېڭ،
نىڭچېڭ، ئاۋخەن قاتارلىق خوشۇن ۋە ناھىيىلەرنى ئىچكى
موڭغۇل ئاپتونوم رايونغا قوشۇپ بېرىشنى قارار قىلدى.
1954-يىلدىن كېيىن، گەنسۇ ئۆلكىسىدە بايانخوت موڭغۇل
ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئېجىنا ئاپتونوم خوشۇنى قۇرۇلغانىدى،
1956-يىل 4-ئايدا گوۋۇيۈەن گەنسۇدىكى بۇ ئىككى ئاپتونو-
مىيىلىك جاينى بىرلەشتۈرۈپ بىر بايانتۇر ئايمىقى قىلىپ
قۇرۇپ، ئۇنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ تەۋەلىكىگە
ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنداق قىلىپ، تارىختا
ئۇزاق ۋاقىت چىڭ سۇلالىسى، شىمالىي مىلىتارىستلار ۋە
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۆلۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن
موڭغۇل مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىچكى موڭغۇل
ئاپتونوم رايونى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە سىياسىتى بويىچە بىرلىككە كېلىپ، يەر مەيدانى 1
مىليون 180 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان يېڭى ئىچكى

موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بولۇپ شەكىللەندى.

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شەكىللىنىشى تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، پارتىيە ۋە دۆلەت بۇ يەرنىڭ تارىختا، ئۇزاقتىن بۇيان موڭغۇللار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن جاي ئىكەنلىكىنى، ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇ يەرنىڭ بۆلۈنۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغانلىقىنى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، موڭغۇل مىللىتىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، موڭغۇل مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ئاساس قىلىنغان ۋە بىرلىككە كەلگەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇش لازىم دەپ ھېسابلىدى.

ئىككىنچى، ئىچكى موڭغۇلدەك بۇنداق دائىرىسى كەڭ ئاپتونوم رايوننىڭ چېگرىسىنى ئايرىشتا ھەم بۇ رايوندىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخىي ھالىتى نەزەردە تۇتۇلغان، ھەم بۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت، سودا قاتارلىق ئىشلاردا شەكىللەنگەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىر - بىرىگە يۆلىنىش مۇناسىۋىتى شۇنىڭدەك قانداق قىلغاندا بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدا يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

ئۈچىنچى، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن،

موڭغۇللار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىچكى موڭغۇلدا ئاھالىسى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن ھەمدە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرىسىنى ئايرىشتا، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرىسىنى موڭغۇللار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ئايرىش پرىنسىپىنى، ئاپتونوم رايون ئىچىدە خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىمۇ بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

تۆتىنچى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى داغۇر، ئېلۇنچۇن، ئېۋېنكى قاتارلىق بىرنەچچە ئاز سانلىق مىللەت مەلۇم دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسى ئىچىدە يەنە ئۈچ ئاپتونوم خوشۇن قۇرۇلغان①. بۇلار 1951-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى قۇرۇلغان ئېلۇنچۇن ئاپتونوم خوشۇنى؛ 1958-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى قۇرۇلغان ئېۋېنكى ئاپتونوم خوشۇنى، 1958-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنى قۇرۇلغان مولداۋا داغۇر ئاپتونوم خوشۇنىدىن ئىبارەت. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىچىدە يەنە باشقا ئاز سانلىق

① ئاپتونوم خوشۇن ئاپتونوم ناھىيىگە باراۋەر.

مىللەتلەرگە خاس ئاپتونوم جايلارنى قۇرۇشنىڭ ئۆلگىسى يارىتىلغان.

بەشىنچى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا شەھەر-بازارلار ۋە يېزا-كەنتلەردە كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خۇيزۇ، مانجۇ، چاۋشيەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرمۇ بار، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە تولۇق دېموكراتىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مىللىي رايون ۋە مىللىي يېزا قۇرۇپ بېرىلگەن.

1952-يىل 8-ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش نۇقتىلىرى» ئېلان قىلىنغانغا قەدەر، مەملىكەت بويىچە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىن باشقا ئوبلاست دەرىجىلىك ئاپتونوم رايوندىن ئۈچى[1] ۋە ناھىيە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايوندىن يەتتىسى[2]

---

① ھازىرقى گەنزى زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، يۈيشۇ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە خەينەن لىزۇ-مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② ھازىرقى تيەنجۇ زاڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، سۇبېي موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، دۇڭشياڭ ئاپتونوم ناھىيىسى، ئېشەن يىزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، لۇڭشېڭ مىللەتلەر ئاپتونوم ناھىيىسى، ئېلۇنچۈن ئاپتونوم خوشۇنى ۋە جىمنشيۇ ياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قۇرۇلغان. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئۇقتىلىرىدا ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋە يۇقىرىقى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قانداق قۇرۇش توغرىسىدا بىرقەدەر تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئۇقتىلىرىنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنىنى ئاخىردا مەخسۇس بايان قىلىمىز، شۇڭا بۇ يەردە كۆپ توختالمايمىز. بۇ يولغا قويۇش ئۇقتىلىرى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ 1984 ـ يىل 5 ـ ئايدا "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى" ئېلان قىلىنغانغا قەدەر مەملىكەت بويىچە كەينى ـ كەينىدىن يەنە 94 مىللىي ئاپتونو- مىيىلىك جاي قۇرۇلدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان 30 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئۇقتىلىرىدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قانداق قۇرۇش توغرىسىدا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلار توغرا بولغان، بۇ پرىنسىپلار مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا تولۇق مۇئەييەنلەش- تۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇش. مەملىكىتىمىزدە مەمۇرىي رايونلارنى ئايرىشنىڭ

ئاساسي قانۇندا بەلگىلەنگەن سىستېمىسى بويىچە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىگە بۆلۈنىدۇ. ناھىيىنىڭ تۆۋىنىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا دەرىجىلىك جايلاردا مىللىي يېزا قۇرۇلسا بولىدۇ. مىللىي يېزا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي ئەمەس. لېكىن مىللىي تېررىتو-رىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ بىر خىل مۇھىم تولۇقلى-مىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا شۇ جاينىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى قاتارلىق شەرتلىرىگە ئاساسلىنىپ ۋە تارىخىي ئەھۋاللاردىن پايدىلىنىپ، ئاپتونومىيىلىك جاينى بىر ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قۇرۇشقا بولىدۇ، ئىككى ياكى بىرنەچچە ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

ئۈچىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ ئىچىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايدا شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئاپتونومىيىلىك جاي ياكى مىللىي يېزا قۇرۇشقا بولىدۇ.

تۆتىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، خەنزۇ ياكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت

ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان رايون ۋە شەھەر ـ بازارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا بولىدۇ.

بەشىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نامى، ئالاھىدە ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەر نامى، مىللەت نامى ۋە مەمۇرىي ئورۇن تەرتىپى بويىچە تۈزۈلۈشى كېرەك. مەسىلەن، جىلىن ئۆلكىسىدىكى "يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى"نىڭ نامى "يەنبيەن" دېگەن يەر نامى، "چاۋشيەنزۇ" دېگەن مىللەت نامى ۋە بۇ ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ "ئاپتونوم ئوبلاست" دېگەن مەمۇرىي ئورنى تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن.

ئالتىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ مەسىلە ئۈستىدە مۇناسىۋەتلىك مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىش كېرەك. مىللىي ئاپتونو- مىيىلىك جايلارنى قۇرۇشتا، ئۇ جاينىڭ چېگرىسىنى ئايرىشتا ۋە نامىنى تۈزۈشتە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى ئالاقىدار يەرلىك دۆلەت ئورگىنى ۋە ئالاقىدار مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىپ ئۇلارنى بېكىتكەندىن كېيىن، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەستىقلىتىش كېرەك.

يەتتىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ چېگرىسىنى بېكىتكەندىن كېيىن، ئاسانلىقچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ؛ ئۆزگەرتىش زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنىنىڭ ئالاقىدار تارمىقى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنى بىلەن تولۇق كېڭىشىپ بېكىتكەندىن

كېيىن، گوۋۇيۈەنگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش كېرەك.

1987 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە، مەملىكىتىمىزدە مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايدىن 148 ى قۇرۇلدى، بۇ بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 113 ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يەر مەيدانى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

ھازىر ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇش شەرتىگە مۇۋاپىق كەلسىلا، كەڭرەك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىمۇ، كىچىكرەك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىمۇ، بىر ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىمۇ، بىرنەچچە ئاز سانلىق مىللەت تەڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىمۇ شۇ جايلارغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئاپتونومىيىلىك جايلار قۇرۇلدى. بۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ كۆپىنچىسىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان بىرلا مىللەت بار، مەسىلەن، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا موڭغۇللار تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت بولىدۇ؛ شىزاڭدا زاڭزۇلار تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت بولىدۇ. تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئىككىدىن ئارتۇق مىللەت بىرلىشىپ يولغا قويغان جايلارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، غەربىي خۇنەن تۇجيا ـ مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا تېررىتورىيىلىك

ئاپتونومىيىنى تۇجيالار بىلەن مياۋزۇلار بىرلىشىپ يولغا قويغان؛ مىگلىيەن دەيزۇلاخۇ-ۋازۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى دەيزۇلار، ۋازۇلار بىرلىشىپ يولغا قويغان. گۇاڭشى-جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدا شۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرلەشمە ئاپتونوم ناھىيىسىدىن ئۈچى بار، بۇلار لۇڭشېڭ مىللەتلەر ئاپتونوم ناھىيىسى، لۇڭلىن مىللەتلەر ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن فاڭچېڭ مىللەتلەر ئاپتونوم ناھىيىسىدىن ئىبارەت.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە ئاساسەن، بىر ئاز سانلىق مىللەت ئىككى جايدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولسا، ھەر ئىككى جايدا ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرسا بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن، خۇيزۇلارنىڭ نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىلا بولۇپ قالماستىن، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىمۇ ئىككى ئاپتونوم ئوبلاستى يەنى گەنسۇدا لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، شىنجاڭدا سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بار؛ بۇلاردىن باشقا، خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ياكى ئاپتونومىيىنى خۇيزۇلار باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ يولغا قويغان ئاپتونوم ناھىيىدىن يەنە 11 ى بار. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: گەنسۇدىكى جاڭجياچۇەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، چىڭخەيدىكى مېنيۈەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن خۇالۇڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، شىنجاڭدىكى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، خېبېيدىكى مېڭسۈن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن داچاڭ

خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، گۇيجۇدىكى ۋېينىڭ يىزۇ-خۇيزۇ-مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، يۈننەندىكى ۋېيشەن يىزۇ-خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن شۇندىيەن خۇيزۇ-يىزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، چىڭخەيدىكى مىنخې خۇيزۇ-تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن داتۇڭ خۇيزۇ-تۇزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى. موڭغۇللارنىڭ ئېچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا بولۇپ قالماستىن، باشقا ئۆلكە، ۋە ئاپتونوم رايوندا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ياكى موڭغۇللار ئاپتونومىيىسىنى باشقا مىللەت بىلەن بىرلىشىپ يولغا قويغان ئاپتونوم ئوبلاستىن ئۈچى يەنى شىنجاڭدا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، چىڭخەيدە خەيشى موڭغۇل-زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بار①؛ بۇلاردىن باشقا، موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدىن 7 سى بار، ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: گەنسۇدىكى سۇبېي موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، شىنجاڭدىكى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، چىڭخەيدىكى خېنەن موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، خېيلۇڭجياڭدىكى دۆربۆت موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، لياۋنىڭ-دىكى خارچىن سول قانات موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن

① بۇ ئاپتونوم ئوبلاست ئەسلىدە خەيشى موڭغۇل-زاڭزۇ-قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى بولۇپ، 1954-يىل 1-ئاينىڭ 25-كۈنى قۇرۇلغانىدى، بۇ يەردىكى قازاقلار شىنجاڭغا قايتىپ كەتكەنلىكتىن، 1985-يىلى گوۋۇيۈەن ئۇنى خەيشى موڭغۇل-زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى دەپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

قوشىن موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، جىلىندىكى ئالدى گورلوس موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى. زاڭزۇلارنىڭ شىزاڭ ئاپتونوم رايونىلا بولۇپ قالماستىن، باشقا ئۆلكىلەردىمۇ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ياكى ئاپتونومىيىنى زاڭزۇلار باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ يولغا قويغان ئاپتونوم ئوبلاستىتىن 10 ى بار، ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: سىچۈەندىكى گەنزى زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن ئابا زاڭزۇ-چياڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، گەنسۇدىكى گەننەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، چىڭخەيدىكى خەينەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن خۇاڭنەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، خەيبېي زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، يۈيشۇ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن گولۇ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە خەيشى موڭغۇل-زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، يۈننەندىكى دىچىڭ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى زاڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى يەنى گەنسۇدىكى تيەنجۇ زاڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، سىچۈەندىكى مۇلى زاڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بار. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى بار، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى كۆپ قاتلامغا بۆلۈنگەن. مەسىلەن، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئىچىدە يەنە ئېلۈنچۈن ئاپتونوم خوشۇنى، ئېۋېنكې ئاپتونوم خوشۇنى، مورىنداۋا داغۇر ئاپتونوم خوشۇنى قاتارلىق ئۈچ ئاپتونومىيىلىك جاي بار. گۈيجۇدىكى جەنۇبىي گۈيجۇ بۇيى-مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا يەنە سەندۇ شۈيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بار. شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ بەش ئاپتونوم ئوبلاستى يەنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ ئاپتونوم ئوبلاست ئىچىدە يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاپتونوم ناھىيىسى بار: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بار، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بار، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بار.

ئوخشاش بولمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا شۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك ۋە ھەر خىل تىپتىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇش — بۇ، جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى. جۇ ئېنلەي مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "بۇ تۈزۈم مىسلىسىز ئىجادىيەتتۇر."①

① جۇ ئېنلەي: «دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «جۇ ئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە 463 ـ بەتكە قارالسۇن.

# ئىككىنچى باب
# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى

## بىرىنچى بۆلۈم دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇن-نىزاملار

1936-يىل 10-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ "شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا ئۆلكىسى"دە "يۈيخەي ناھىيىلىك خۇيزۇ ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى"نى قۇرغانلىقى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنىدى. بۇ ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى «يۈيخەي ناھىيىلىك خۇيزۇ ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى نىزامى»نى تۈزۈپ چىققان①. بۇ دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت قۇرغان

① جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۇڭشىن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ئىشخانىسى تۈزگەن «خۇيزۇلار ئازادلىقىنىڭ بېشارىتى — شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا ئۆلكىسىدىكى يۈيخەي ناھىيىلىك ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار»، 1986-يىل نەشرى، 13-بەت.

ئىنقىلابىي ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان تۈنجى ئاپتونومىيە نىزامى ھېسابلىنىدۇ.

بىزنىڭ ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدا، «ئاپتونومىيە نىزامى» دېگەن بۇ قانۇن ئاتالغۇسى 1946 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشىيا چېگرا رايونى ئۈچىنچى نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ بىرىنچى يىغىنىدا ماقۇللانغان «شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشىيا چېگرا رايونى ئاساسىي قانۇنىنىڭ پرىنسىپلىرى»دا ھەممىدىن بۇرۇن ئىشلىتىلگەن. بۇ ئاساسىي قانۇن پرىنسىپلىرىنىڭ بىرىنچى قىسمى «ھاكىمىيەتنىڭ تەشكىللىنىشى»نىڭ توققۇزىنچى تارمىقىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار مىللىي رايون دەپ ئايرىلىپ، ئۇ يەردە مىللىي ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتى تەشكىل قىلىنىدۇ، ئۆلكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا توقۇنۇشتۇرۇپ قويماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، ئاپتونومىيە نىزامى تۈزۈلىدۇ.»①

بۇ بەلگىلىمىدە «ئاپتونومىيە نىزامى» دېگەن ئاتالغۇ تۇنجى قېتىم ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، مۇنداق ئىككى نۇقتا كۆرسىتىلگەن: بىرىنچى، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ تۈپ قانۇن خاراكتېرىدىكى قانۇن ھۆججىتىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر

---

① «ئاساسىي قانۇنغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانما»نىڭ 2 ـ قىسمى، بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتىنىڭ 1982 ـ يىل نەشرى، 192 ـ بەت.

"تۈپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار مىللىي رايون دەپ ئاتىلىپ، ئۇ يەردە مىللىي ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتى تەشكىل قىلىندۇ" دەپ ئوچۇق بەلگىلەنگەن؛ ئىككىنچى، "مىللىي ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتى" "ئاپتونومىيە نىزامى تۈزسە "بولىدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىگە دائىر ئەڭ بۇرۇنقى قانۇنىي بەلگىلە-مىدۇر؛ شۇنداقلا مىللىي ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئاپتونومىيە قانۇن-نىزامىنى تۈزسە بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى بەلگىلىمىدۇر. مانا بۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدىكى ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ.

بۇنداق "ئاپتونومىيە نىزامى" ئەينى ۋاقىتتا باشقا ئىنقىلابىي تايانچ بازىلاردىمۇ ئېلان قىلىنغان. مەسىلەن، 1946-يىلى 8-ئايدا، شەندۇڭ ئۆلكىسى بوخەي مەمۇرىي مەھكىمىسى «خۇيزۇلارنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنى»نى① ئېلان قىلغان.

---

① «ئازادلىق گېزىتى»نىڭ 1946-يىل 8-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان "خۇيزۇلارنىڭ ئەركىن-دېموكراتىك تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، بوخەي مەمۇرىي مەھكىمىسى خۇيزۇلارنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئېلان قىلدى" دېگەن ماقالىغا ۋە «شىنخۇا رىباۋ» گېزىتىنىڭ 1946-يىل 8-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان "شەندۇڭ بوخەي مەمۇرىي مەھكىمىسى خۇيزۇلارنىڭ ئاپتونومىيە چارىسىنى ئېلان قىلدى، خۇيزۇ قېرىنداشلار ئەركىن، باراۋەر، دېموكراتىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولدى" دېگەن ماقالىغا قارالسۇن.

تارىخىي ئەھمىيەتكە ھەممىدىن بەك ئىگە بولغىنى 1947-يىل 5-ئايدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغدىكى ئاپتونومىيە نىزامى ھېسابلىنىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقان ھامان، 1954-يىل 10-ئاينىڭ 23-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئىچكى موڭغۇلدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توپ فاڭجېنى "تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت"① دەپ ئېنىق قارار چىقاردى. ئىچكى موڭغۇلدىكى ئاپتونومىيە پائالىيىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلغان مۇشۇ توپ فاڭجېنغا ئاساسەن قانات يايدۇرۇلغان. 1945-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى، ۋۇلەنخۇ قاتارلىقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سەنشى-چاخار-خېبېي مەركىزىي بيۇروسى ۋە سەنشى-سۈييۈەن شۆبە بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جاڭجياكۇدا ئىچكى موڭغۇلدىكى ئايماق ۋە خوشۇنلارنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، ئىچكى موڭغۇلدىكى ئاپتونومىيە ھەرىكىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن "ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھەرىكىتى بىرلەشمىسى"نى

---

① 1945-يىل 10-ئاينىڭ 23-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ ئىچكى موڭغۇلنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا "سەنشى-چاخار-خېبېي مەركىزىي بيۇروسىغا ۋە سەنشى-سۈييۈەن شۆبە بيۇروسىغا يوللىغان تېلېگراممىسى".

قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىگە ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، 1947-يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنى مەملىكىتىمىزدىكى تۇنجى چوڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي — ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلدى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلانخۇتتا ئۆتكۈزۈلگەن ئىچكى موڭغۇل خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا مۇھىم ئىككى ئاپتونومىيە نىزامى ماقۇللاندى: ئۇنىڭ بىرى "ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى" (تۆۋەندە قىسقارتىپ "سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى" دەپ ئاتىلىدۇ) بىرى "ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق تەشكىلىي پروگراممىسى"①. ھازىر "سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى"نىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، "سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى"دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى ئىچكى موڭغۇلدىكى ھەر تەبىقىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئىچكى موڭغۇل تېررىتورىيىسىدىكى مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ

① «ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخباراتى»نىڭ 1-توم 1-سانىغا قارالسۇن، 1948-يىل 10-ئاي.

يۈكسەك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويىدىغان رايون خاراكتېرلىك دېموكراتىك ھۆكۈمىتى." بۇ بەلگىلىمە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى ئىچكى موڭغۇلدىكى موڭغۇللارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئىچكى موڭغۇلدىن ئىبارەت رايوندا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدىغان دېموكراتىك ھۆكۈمىتى ئىدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان "ئىچكى موڭغۇلدىكى موڭغۇللار" پۈتۈن جۇڭگودىكى بارلىق موڭغۇللارنى ئەمەس، بەلكى ئىچكى موڭغۇلدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان موڭغۇللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە "يۈكسەك ئاپتونومىيە" دېگەن سۆزنىڭ نېمە ئۈچۈن تىلغا ئېلىنغانلىقىغا كەلسەك، ئۇ "ئاپتونومىيە"نىڭ ئادەتتىكىچىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بولماستىن، ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇللار ئىچىدىكى فېئودال يۇقىرى قاتلام ئۇنسۇر دېموچۇك دۇڭگلۇپۇ قاتارلىقلار 30-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇزاق ۋاقىت ئېلىپ بارغان ئاتالمىش ئىچكى موڭغۇل "يۈكسەك ئاپتونومىيە ھەرىكىتى"گە① ۋە بۇ ھەرىكەتنىڭ ئامما ئارىسىدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولغانلىقىغا

---

① 1933-يىل 7-ئاينىڭ 26-كۈنى دېموچۇك دۇڭگلۇپۇ بەيلىڭ بۇتخانىسىدا ئاچقان "ئىچكى موڭغۇلدىكى بارلىق كوماندىرلار يىغىنى"دا «ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى توغرىسىدا يوللانغان تېلېگرامما»غا قارالسۇن. جۇڭگو ئىككىنچى تارىخ ئارخىپخانىسىدىكى "موڭغۇل-زاڭزۇلار كومىتېتىغا دائىر ئارخىپلار" نىڭ 280-نومۇرلۇق توپلىمى.

قارىتىپ تىلغا ئېلىنغانىدەك تۇرىدۇ.

ئىككىنچى، "سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى" دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە هۆكۈمىتى ئىچكى موڭغۇلدىكى ھەرقايسى ئايماقلار (جۇملىدىن ئايماقلارغا تەۋە خوشۇن ۋە نامىيە شەھەرلىرى) ۋە خوشۇنلارنى ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدىغان رايون قىلىدۇ، بۇ — جۇڭگوغا مىنگونىڭ تەركىبىي قىسمى." بۇ بەلگىلىمە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە هۆكۈمىتى ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدىغان رايون ئىچكى موڭغۇلدىكى ئايماق ۋە خوشۇنلاردىن ئىبارەت بولىدۇ؛ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى جۇڭگونىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى.

ئۈچىنچى، "سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى" دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاھانگىرلارنىڭ ۋە فېئودال - دەللال فاشىست چوڭ خەنزۇچىلارنىڭ ئىچكى موڭغۇلدىكى موڭغۇللارغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىغە قاراتقان تاجاۋۇزى ۋە زۇلمىنى قەتئىي تارمار قىلىشى ھەمدە ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشغا ياردەم بېرىدىغان پۈتۈن جۇڭگودىكى بارلىق دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر تەبىقە بىلەن بىرلىشىپ، ئىچكى موڭغۇلدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئۆل - كېسىل ئازاد بولۇشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى كېرەك." بۇ بەلگىلىمە

شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى چىڭ تۇرۇپ ئىجرا قىلغان ئىنقىلابىي لۇشيەن ئىچكى موڭغۇلدىكى موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇپ، جاھانگىرلارنىڭ ۋە فېئودال-دەللال فاشىست چوڭ خەنزۇچىلارنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مەملىكەت مىقياسىدا ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا ياردەم قىلغان بارلىق دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر تەبىقە خەلقى بىلەن بىرلەشىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى موڭغۇلدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئازاد بولۇشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولغان.

تۆتىنچى، «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر باپ-باراۋەر، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىچ ھەمكارلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش ۋە ياردەملىشىشتىن ئىبارەت يېڭى مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلىدۇ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى بارلىق ئاراز ۋە تەسكىرىي قاراشلار تۈگىتىلىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر-بىرىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە، تارىخىغا، مەدەنىيىتىگە، دىنىي ئېتىقادىغا ۋە تىل-يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىشى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئېسىل تارىخىي مەدەنىيىتى ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنىسىنى ئەركىن جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئورتاق ھالدا يېڭى ئىچكى موڭغۇلنى گۈللەندۈرۈشى

كېرەك." بۇ بەلگىلىمىدە مىللەتلەرنىڭ باپباراۋەر بولۇش پرىنسىپى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، زىچ ھەمكارلىشىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ ياردەملىشىدىغان يېڭى مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش پرىنسىپى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېڭى ئىچكى موڭغۇلنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئورتاق گۈللەندۈرۈش پرىنسىپى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

تۇنجى چوڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي بولغان ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەمەلىيەت جەھەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قانداق قۇرۇشى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى قانداق يولغا قويۇشى ئۆچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى يارىتىپ ۋە توپلاپ بەردى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغدا تۈزۈلگەن ئاپتونومىيە قانۇن - نىزاملىرىمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى باشلىنىشقا ئىگە قىلدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى

1949 - يىل 9 - ئايدا، جۇڭگونىڭ يېڭى دېموكراتىك

ئىنقىلابى مەملىكەت مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان چاغدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ، جايلارنىڭ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەت سىرتىدىكى مۇھاجىرلار ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنى تەشكىل قىلدى، «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئورتاق پروگرامما» دېيىلىدۇ)①. بۇ "ئورتاق پروگرامما" يېڭى جۇڭگونىڭ دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاساسىي قانۇنلۇق رول ئوينىغان "خەلق خارتىيىسى" بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو

① شىنخۇا. ئېقىم مەسىلىلىرى مەجمۇئەسى: «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى»، 1949-يىل 10-ئايدا شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتقان.

ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم ۋە بيۇروك-
رات كاپىتالىزمىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ
تاشلانغان ۋە مىللىي زۇلۇم تۈزۈمى يوقىتىلغاندىن كېيىن، يېڭى
جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى قانداق تەڭشەش «ئورتاق
پروگرامما»دا بەلگىلەنگەن مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى
بولغانىدى.

«ئورتاق پروگرامما»نىڭ "ئومۇمىي پروگراممىسى"دا:
"جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ھوقۇق
ۋە مەجبۇرىيەت جەھەتتە باراۋەر" دەپ بەلگىلەنگەندىن باشقا،
ئۇنىڭدا مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىلىپ، "مىللىي سىياسەت"
بەلگىلەنگەن. جۇ ئېنلەي «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت
كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى، لايىھىسىنى تەييارلاش جەريانى
ۋە لايىھىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» دېگەن دوكلاتىدا مۇنداق
دەپ كۆرسەتكەن: «ئورتاق پروگرامما»دا مىللىي سىياسەت
بەلگىلەنگەن، "بۇنىڭ تۈپ روھى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى
مىللەتلەرنىڭ دوستلۇق-ھەمكارلىق چوڭ ئائىلىسىگە ئايلان-
دۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئورتاق دۈشمەنگە ۋە سىر-
تتىكى جاھانگىرلىككە چوقۇم قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت.
مىللەتلەرنىڭ بۇ چوڭ ئائىلىسى ئىچىدە بولسا، چوڭ مىللەتچىلىك
ۋە تار مىللەتچىلىك خاھىشلىرىغا داۋاملىق قارشى تۇرۇش
كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى،
قوراللىنىش ھوقۇقى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش

مەسىلىسى ئېنىق بەلگىلىنىپ، ماددىلارغا كىرگۈزۈلدى."①

«ئورتاق پروگرامما»نىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: "ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ۋە شۇ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ، ھەر خىل مىللىي ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى ئايرىم-ئايرىم قۇرۇش كېرەك. مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىكى جايلار ۋە مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا مىللەتلەرنىڭ خېلى كۆپ ساندىكى ۋەكىلى بولۇشى كېرەك."

بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى توغرىسىدا تۇنجى قېتىم چىقارغان قانۇن خاراكتېرلىك بەلگىلىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ سىياسىي مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر بۆلۈنىدىغان يولغا ماڭمايدۇ، بەلكى مىللەتلەر ھەمكارلىشىدىغان يولغا ماڭىدۇ، ئۇلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى مىللەتلەرنىڭ دوستلۇق-ھەمكارلىق چوڭ ئائىلىسىگە ئايلاندۇرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت

① «جۇ ئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى»، 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 646-بەت.

ئىچىدە ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدۇ.

ئىككىنچى، جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلى-كىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر مىللەتنى بىرلىك قىلىپ ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەلۇم رايون ئىچىدىلا ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدۇ. «ئورتاق پروگرامما»دا: "ئاز سان-لىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررى-تورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ" دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ئۈچىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي ئورنى مەسىلىسى توغرىسىدا «ئورتاق پروگرامما»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە ۋە شۇ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ، ھەر خىل مىللىي ئاپتونومىيە ئورگان-لىرىنى ئايرىم-ئايرىم قۇرۇش كېرەك." ئەينى ۋاقىتتا ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇلغان ئاپتونومىيىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۆلكىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك بولغان ئاپتونوم رايونلۇق①

① ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى "ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مىللىي ئاپتونوم رايون" ئىدى، «مەر-كىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزامى»غا قارالسۇن، 1951-يىل 11-ئاينىڭ 5-كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان.

ئاپتونومىيە ئورگانلىرى، ۋىلايەت بىلەن تەڭ دەرىجىلىك بولغان ئاپتونوم رايونلۇق ئاپتونومىيە ئورگانلىرى، ناھىيە بىلەن تەڭ دەرىجىلىك بولغان ئاپتونوم رايونلۇق ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بار ئىدى، ناھىيىدىن تۆۋەن رايون، يېزا دەرىجىلىك بولغان ئاپتونوم رايونلۇق ئاپتونومىيە ئورگانلىرىمۇ بار ئىدى.

تۆتىنچى، «ئورتاق پروگرامما»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، قايسى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇندىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى "مىللىي ئاپتونوم رايون" دەپ ئاتىلاتتى.

بەشىنچى، مىللىي ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا مىللەتلەرنىڭ خېلى كۆپ ساندىكى ۋەكىلى بولۇشى كېرەك.

«ئورتاق پروگرامما»نىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى توغرىسىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، 1949 ـ يىل 12 ـ ئايدىن تارتىپ 1953 ـ يىلغىچە كۆپ مىللەتلىك بەزى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردا ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان بىر قىسىم ئەمر ـ پەرمان، نىزاملار ياكى ئايرىم قانۇن ـ قائىدىلەر① تۈزۈپ چىقىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا بەلگىلەنگەن

① 1949 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان «چوڭ مەمۇرىي رايونلار خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى (چوڭ مەمۇرىي رايونلار ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلار كومىتېتىغا مۇشۇ تەشكىلىي نىزام تەتبىق قىلىنىدۇ)»دا ۋە 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئېلان

مەزمۇنلار ئاساسەن مۇنۇ ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى:
بىرىنچىسى ئۆز جايىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا
قويۇشقا ياتىدىغان لايىھە، مەسىلەن، 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ
17 ـ كۈنى تۈزۈلگەن «سۇيىيۈەن ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلار
كومىتېتىنىڭ سۇيىيۈەن تەۋەسىدىكى موڭغۇللار مەسىلىسىنى ھەل
قىلىش توغرىسىدىكى لايىھىسى»؛ 1950 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى
تۈزۈلگەن «سۇيىيۈەن ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ
گۈيسۈي شەھرىنى خۇيزۇلار رايونى قىلىپ ئايرىش توغرىسى-
دىكى لايىھىسى» قاتارلىقلار. ئىككىنچىسى مىللىي ئاپتونوم
رايونلاردا سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى ياكى
خىزمەت ۋەزىپىسىنى بەلگىلەشكە ياتىدىغان ئىشلار، مەسىلەن،
1950 ـ يىلى تۈزۈلگەن «شىكاڭ ئۆلكىسىدىكى زاڭزۇ ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى»؛ 1950 ـ يىلى
سۇيىيۈەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزگەن «گۈيسۈي شەھرى-

---

قىلىنغان «ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»
دا چوڭ مەمۇرىي رايونلار خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتلىرى ۋە
ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتلىرى ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدى-
غان ئەمر ـ پەرمان ۋە نىزاملارنى تۈزسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەن-
گەن. 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان «ناھىيىلىك خەلق
ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى» دا ناھىيىلىك خەلق
ھۆكۈمىتى كومىتېتلىرى ئايرىم قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزسە بولىدۇ،
دەپ بەلگىلەنگەن.

دىكى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى» قاتارلىقلار. ئۈچىنچىسى يېڭى قۇرۇلغان مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامىغا ياتىدىغان ئىشلار، مەسىلەن، 1950 - يىلى تۈزۈلگەن «نىڭشىيا ئۆلكىسى ئالاشەن خوشۇنىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق تەشكىلىي قائىدىسى»؛ 1951 - يىلى تۈزۈلگەن «گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى چۆنشيەن ناھىيىسىدىكى دۇڭشەن ماۋزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق تەشكىلىي نىزامى»① قاتارلىقلار.

مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى 1950 - يىلى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ 123 - سانلىق مەمۇرىي ئىشلار يىغىنىدا ماقۇللانغان ۋە شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ 18 - سانلىق يىغىنىدا تەستىقلىنىپ ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇش ئۇقتىلىرى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «يولغا

① مۇشۇ كىتابتىكى قوشۇمچە 2: «دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ۋە كۆپ مىللەتلىك ئۆلكىلەر تۈزگەن مىللەتلەر توغرىسىدىكى ئايرىم قانۇن - مۇندەرىجىسى»گە قارالسۇن.

قويۇش نۇقتىلىرى» دېيىلىدۇ)دا① تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق ھەم كونكرېت بەلگىلەنگەن. بۇ «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى» «ئورتاق پروگرامما»دا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلار بويىچە ۋە دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا ھاسىل قىلىنغان ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلغان.

«يولغا قويۇش نۇقتىلىرى» جەمئىي 7 باب، 40 ماددىغا بۆلۈنگەن، ئومۇملاشتۇرۇپ كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىدىن ئىبارەت:

بىرىنچى، ئۇنىڭدا مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ پۈتكۈل دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنىڭدەك مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى خەلقنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار بەلگىلەنگەن، مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

① جاڭ خۇەنگۇاڭ، سۇ شاڭجى قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار قانۇنىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانما»غا قارالسۇن. ئاممىۋى نەشرىياتىنىڭ 1984-يىل نەشرى، 455-بەت.

زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكى؛ مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئىكەنلىكى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغانلىقى؛ مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا «ئورتاق پروگرامما»دىكى ئومۇمىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشى لازىملىقى بەلگىلەنگەن.

ئىككىنچى، «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا مىللىي ئاپتونوم رايونلارنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا بىرقەدەر كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ تۈپ پرىنسىپى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراق-لاشقان رايونلارنى شۇ جايدىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ شەرتىگە ئاساسلىنىپ ۋە تارىخىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەشتىن ئىبارەت بولغان. بۇ پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا، ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇنداق ئۈچ خىل تىپتىكى ئاپتونوم رايوننى قۇرۇشقا بولىدۇ؛ بىرىنچىسى بىر ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ئاپتونوم رايون. ئىككىنچىسى چوڭ ئاز سانلىق مىللەتتىن بىرسى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلىپ ۋە ئاھالىسى بەكمۇ ئاز بولغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئول-تۇراقلاشقان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قۇرۇلغان ئاپتونوم

قويۇش نۇقتىلىرى» دېيىلىدۇ) دا① تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق ھەم كونكرېت بەلگىلەنگەن. بۇ «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى» «ئورتاق پروگرامما»دا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلار بويىچە ۋە دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا ھاسىل قىلىنغان ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلغان.

«يولغا قويۇش نۇقتىلىرى» جەمئىي 7 باب، 40 ماددىغا بۆلۈنگەن، ئومۇملاشتۇرۇپ كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىدىن ئىبارەت:

بىرىنچى، ئۇنىڭدا مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ پۈتكۈل دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنىڭدەك مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى خەلقنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار بەلگىلەنگەن، مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

---

① جاڭ خۇەنگۇاڭ، سۇ شاۋجى قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار قانۇنىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانما»غا قاراڭ، ئاممىۋى نەشرىياتىنىڭ 1984-يىل نەشرى، 455-بەت.

زىمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكى؛ مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئىكەنلىكى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغانلىقى؛ مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا «ئورتاق پروگرامما»دىكى ئومۇمىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشى لازىملىقى بەلگىلەنگەن.

ئىككىنچى، «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا مىللىي ئاپتونوم رايونلارنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا بىرقەدەر كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ تۈپ پرىنسىپى: ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى شۇ جايدىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ شەرتىگە ئاساسلىنىپ ۋە تارىخىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەشتىن ئىبارەت بولغان. بۇ پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇنداق ئۈچ خىل تىپتىكى ئاپتونوم رايوننى قۇرۇشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى بىر ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ئاپتونوم رايون. ئىككىنچىسى چوڭ ئاز سانلىق مىللەتتىن بىرسى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلىپ ۋە ئاھالىسى بەكمۇ ئاز بولغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قۇرۇلغان ئاپتونوم

رايون؛ بۇنداق ئاپتونوم رايون ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاھالىسى بەكمۇ ئاز بولغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇش كېرەك.① ئۈچىنچىسى ئىككى ياكى بىرقانچە ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننى ئاساس قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇلغان ئاپتونوم رايون. «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا يەنە "شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا ئاساسلىنىپ ۋە تارىخىي ئەھۋالغا قاراپ، مىللىي ئاپتونوم رايونلار خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان قىسمەن رايونلار ۋە شەھەر-بازارلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك" دەپ بەلگىلەنگەن.

«يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا يەنە "مىللىي ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي ئورنى يەنى يېزا (كەنت)، رايون، ناھىيە، ۋىلايەت دەرىجىلىك ياكى ۋىلايەتتىن يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورنى شۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشى ۋە شۇ رايوننىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشى قاتارلىق شەرتلەرگە قاراپ ئايرىلىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن.

بۇلاردىن باشقا، مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ چېگرىسىنى

---

① شۇ چاغدىكى تۈزۈلمە بويىچە مىللىي ئاپتونوم رايونلار ئاز سانلىق مىللەتلەر كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا دەرىجىلىك رايونلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

قانداق ئايرىش، نامىنى قانداق ئاتاش مەسىلىلىرىنى ۋە ئاپتونوم رايون قۇرۇشقا چېتىلىدىغان ھەر خىل مەسىلىلەرنى ئالاقىدار مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كېڭىشىپ بېكىتىشنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ئۇنى تەستىقلىتىش تەرتىپلىرى «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا خېلى كونكرېت بەلگىلەنگەن.

ئۈچىنچى، مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەركىب تېپىشى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى خەلقنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى قۇرۇشتا دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئاساسلىنىشى كېرەك. مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى، ئالاھىدە ئەھۋالدىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شۇ ئاپتونوم رايونلارنىڭ مەمۇرىي ئورنىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى مىللىي كادىرلارنىڭ تەركىب تېپىشى «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى خەلق ھۆكۈمىتى ئورگانلىرى تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت خادىملىرىنى ئاساسىي تەركىب قىلغان ھالدا قۇرۇشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە خەنزۇلارنىڭ مۇۋاپىق ساندىكى خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئېلىشى كېرەك."
تۆتىنچى، «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا ئاپتونومىيە ئورگان-
لىرىنىڭ ئون جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى بەلگىلەنگەن.
ئۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ كونكرېت
شەكلىنى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق؛ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ
ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە
ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىل-يېزىقنى قوللىنىشقا
ھوقۇقلۇق؛ مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە ھوقۇقلۇق؛ ئۆز
ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىچكى ئىسلاھاتىنى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق؛
ئۆز يېرىنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق؛ ئۆز ئاپتونوم
رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھوقۇقلۇق؛
مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەنئەت ۋە سەھىيە
ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق؛ ئۆز ئاپتونوم
رايونىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى ۋە خەلق
ئەسكەرلىرىنى قۇرۇشقا ھوقۇقلۇق؛ ئايرىم قانۇن-قائىدىلەرنى
تۈزۈشكە ھوقۇقلۇق.
بەشىنچى، «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا مىللىي ئاپتونوم
رايونلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنىڭ پرىنسىپلىرى
بەلگىلەنگەن، ئۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: مىللىي ئاپتونوم رايون-
لاردىكى مىللەتلەرنىڭ باپباراۋەر بولۇش پرىنسىپى، مىللىي
ئاپتونوم رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقى
بىلەن دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپى؛

مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپى؛ مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندا تولۇق كېڭىشىشتە چىڭ تۇرۇش پرىنسىپى؛ مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى خەلققە قارىتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش پرىنسىپى.

ئالتىنچى، «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونوم رايونلارغا رەھبەرلىك قىلىشى توغرىسىدىكى ئالتە پرىنسىپ بەلگىلەنگەن. ئۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا ياردەم قىلىش پرىنسىپى، مىللىي ئاپتونوم رايونلارغا يوليورۇق ۋە بۇيرۇق بېرىشتە مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە كونكرېت ئەھۋالىنى يېتەرلىك مۆلچەرلەش پرىنسىپى؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ يەرلىك مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىش ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، مۇۋاپىق كېلىدىغان كادىرلارنى ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش پرىنسىپى؛ مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش پرىنسىپى؛ مۇۋاپىق شەكىلدىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىكى خەلققە ئىلغار تەجرىبىلەرنى

تونۇشتۇرۇش پرىنسىپى؛ ھەر مىللەت خەلقىغە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق كۆز قارىشىنى تىكلەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ياردەم بېرىش، تۈرلۈك چوڭ مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىك خاھىشلىرىنى تۈگىتىش پرىنسىپى.

«يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قانداق قۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش شۇنىڭدەك يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونوم رايونلارغا قانداق رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن. باشقا جەھەتتىكى، مەسىلەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلەر بولسا ئادەتتىكىچىلا بەلگىلەنگەن. «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى» مەملىكە-تىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا غايەت زور تارىخىي رول ئوينىدى؛ ئۇنىڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدا بەلگىلەنگەن ئاساسىي پرىنسىپلار توغرا بولغاچقا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا قوبۇل قىلىندى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

1952-يىلىدىكى «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا مۇنداق دەپ

بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىدا بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئاساسەن ئۆز ئاپتونوم رايونىنىڭ ئايرىم قانۇن-قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆزىدىن يۇقىرى ئىككى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە تەستىقلىتىشى كېرەك، ئومۇمەن، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەستىقلىغان مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئايرىم قانۇن-قائىدىلىرىنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىگە مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش لازىم."

بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 1952-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ 1954-يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ئېلان قىلىنغىچە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي ئاپتونوم رايونلاردا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 26 ئايرىم قانۇن-قائىدە① تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ ئايرىم قانۇن-قائىدىلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىلغا② بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى خىلى

① مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مىللەتلەر بۆلۈمى تەرىپىدىن 1954-يىلى توپلاپ تۈزۈلگەن ماتېرىياللاردىكى سانلىق مەلۇماتتىن ئېلىنغان.

② شى يۈن تۈزگەن «مىللەتلەرگە دائىر قانۇن ۋە قائىدە-نىزاملار توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»غا قارالسۇن. مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1988-يىل نەشرى.

مىللىي ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش نۇقتىلىرى، سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنى ياكى خىزمەت ۋەزىپىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، 1953 ـ يىل 2 ـ ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى تەستىقلاپ ئەنگە ئالغان «خۇنەن ئۆلكىسى غەربىي خۇنەن مياۋزۇ ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى 1 ـ يىغىنىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنى توغرىسىدىكى ئالتە قارارى»، 1953 ـ يىل 1 ـ ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى قوشۇلغان «غەربىي گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش نۇقتىلىرى» قاتارلىقلار شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. ئىككىنچى خىلى مىللىي ئاپتونوم رايونلۇق ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى كېڭەش ھەيئىتىنىڭ، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، 1953 ـ يىلى تۈزۈلگەن «يۈننەن ئۆلكىسى شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ۋاقىتلىق تەشكىلىي نىزامى (لايىھە)»، «يۈننەن ئۆلكىسى شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى كېڭەش ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق تەشكىلىي نىزامى (لايىھە)»؛ 1953 ـ يىلى تۈزۈلگەن «يۈننەن ئۆلكىسى دېخوڭ دەيزۇ ـ جىڭپو ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق تەشكىلىي نىزامى

(لايىھە)» قاتارلىقلار شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. ئۈچىنچى خىلى مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ مەلۇم بىر ئىش، مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە چىقارغان ئايرىم بەلگىلىمىلىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، «گۇيجۇ ئۆلكىسى دەنجەي ناھىيىسىدىكى مياۋزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مياۋزۇ مىللىتى ئىچىدە (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى)نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى (لايىھە)» قاتارلىقلار شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ بىر قاتار ئايرىم قانۇن ـ قائىدىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دەسلەپكى چاغلاردا ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈش جەھەتتە ئېلىپ بارغان مۇھىم سىنىقى ھېسابلىنىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم 1954 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى

1954 ـ يىلىدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى»دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو- مىيىنى يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دىكى بەلگىلىمىلەر ئاساسىدا

مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرقەدەر ئەتراپلىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلىپ، بۇ تۈزۈمنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلگەن. ئۇ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، ئاساسىي قانۇننىڭ "ئومۇمىي پروگرامما"سىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت قۇرۇلمىسىنىڭ شەكلى "كۆپ مىللەتلىك بىرلىككە كەلگەن دۆلەت". مەملىكىتىمىز ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىرلا خىل تۈزۈمدىكى دۆلەت، "ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمىدۇر."

ئىككىنچى، ئاساسىي قانۇننىڭ "دۆلەت ئاپپاراتلىرى" دېگەن بابىدا مەملىكىتىمىزنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ ئايرىلىشى مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردۇر." مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي ئورنى مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ئاپتونوم رايون ئۆلكە ۋە مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر بىلەن تەڭ بولىدۇ؛ ئاپتونوم ئوبلاست ئۆلكىدىن تۆۋەن، ناھىيىدىن يۇقىرى بولىدۇ؛ ئاپتونوم ناھىيە ناھىيە بىلەن تەڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم

ناھىيىدە ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىدۇ."

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1949 - يىلىدىكى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ «ئورتاق پروگراممىسى» بىلەن 1952 - يىلىدىكى «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا بەلگىلەنگەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تۈزۈلمىسىدە ناھىيىدىن يۇقىرى بولغان ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم رايونلارلا بولۇپ قالماستىن، ناھىيىدىن تۆۋەن بولغان رايون، يېزا دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم رايونلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، ئەينى ۋاقىتتا ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بولغان ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىلا بولۇپ قالماستىن، شەھەرگە قاراشلىق رايون دەرىجىلىك بولغان "گۈيسۈي شەھىرىدىكى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى"مۇ بار ئىدى، شۇنىڭدەك يەنە ناھىيىدىن تۆۋەن ۋە رايون، يېزا دەرىجىلىك بولغان مىللىي ئاپتونوم رايون بار ئىدى. 1954 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇنىدا بۇنىڭغا مۇھىم ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ناھىيىنىڭ تۆۋىنىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلماي، پەقەتلا مىللىي يېزا تەسىس قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

ئۈچىنچى، ئاساسىي قانۇننىڭ "دۆلەت ئاپپاراتلىرى" دېگەن بابىدا «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى» دېگەن مەخسۇس بىر پاراگراف ئاجرىتىلىپ،

ئۇنىڭدا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى توغرىسىدا مۇنداق ئۈچ پرىنسىپ بەلگىلەنگەن: بىرىنچى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇندا "يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرى"نىڭ تەشكىللىنىشى توغرىسىدا بەلگىلەنگەن ئاساسىي پرىنسىپلارغا ئاساسەن تەشكىل قىلىنىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، "ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ شەكلى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت خەلقىنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بەلگىلەنسە بولىدۇ"؛ ئۈچىنچى، "كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا ئالاقىدار مىللەتلەرنىڭ مۇۋاپىق ساندىكى ۋەكىلى بولۇشى كېرەك."

تۆتىنچى، ئاساسىي قانۇننىڭ بۇ پاراگرافىدا ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قوش خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقى — ھەم ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقى، ھەم ئاساسىي قانۇندا ۋە باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇندا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن:

1. "ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئۆز جايىنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرىدۇ."

2. "ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ھەربىي تۈزۈمىگە ئاساسەن ئۆز جايىنىڭ يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى تەشكىل قىلىدۇ."

3. "ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ، بۇنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ."

1952 ـ يىلىدىكى "يولغا قويۇش نۇقتىلىرى"دىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئايرىم قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ دېگەن بەلگىلىمە ئاساسىدا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئاساسىي قانۇندا كېڭەيتىلىپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئاساسىي قانۇندىكى بۇ بەلگىلىمىنى «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دىكى بەلگىلىمە بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۈچ جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، «يولغا قويۇش

نۇقتىلىرى»دا ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئايرىم قانۇن ـ قائىدىلەرنىلا تۈزەلەيدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، ئاساسىي قانۇندا بولسا ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزسە بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئىككىنچىدىن، نىزاملارنى ياكى قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈشتىكى ئاساس ئوخشاشمايدۇ. «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا ئاپتونومىيە ئورگانلىرى "مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىدا بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئاساسەن" ئايرىم قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن؛ ئاساسىي قانۇندا بولسا ئاپتونومىيە ئورگانلىرى "شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن" ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئۈچىنچىدىن، نىزاملار ياكى قانۇن ـ قائىدىلەرنى تەستىقلىتىش تەرتىپى ئوخشاشمايدۇ، «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تۈزگەن ئايرىم قانۇن ـ قائىدىلەرنى "ئۆزىدىن يۇقىرى ئىككى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە تەستىقلىتىشى" كېرەك ۋە "ئومۇمەن، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەستىقلىغان مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئايرىم قانۇن ـ قائىدىلىرىنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىگە مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇشى لازىم" دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇندا بولسا

ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆزگەن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى "مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇش" بەلگىلەنگەن.

بەشىنچى، ئاساسىي قانۇننىڭ بۇ پاراگرافىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلغاندا شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل تىل - يېزىقنى ئىشلىتىدۇ".

ئالتىنچى، ئاساسىي قانۇننىڭ بۇ پاراگرافىدا يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك" دەپ بەلگىلەنگەن.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، 1954 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى بۇ بىر قاتار پرىنسىپال بەلگىلىمىلىرى توغرا بولغان، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە ئاساس سېلىپ بەردى.

ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى

توغرىسىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەلگىلىمىلىرى بويىچە، 1955 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلى "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" باشلانغانغا قەدەر ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئاساسەن مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى خىزمەت ئىشلەندى:

بىرىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى.

مالىيىنى باشقۇرۇش مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئاپتونومىيە هوقۇقى. 1954 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى "قانۇندا بەلگىلەنگەن هوقۇق دائىرىسى بويىچە ئۆز جايىنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋە ئالاقىدار يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئەمەل قىلىدىغان قانۇننىڭ بولۇشى ئۈچۈن، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيە-لىك جايلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن ياكى قائىدە ـ نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشى زۆرۈر ئىدى. ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش چارىسىگە دائىر قانۇن ـ ياكى قائىدە ـ نىزاملارنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم تۈزدى. 1958 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، 6 ـ ئاينىڭ

13 - كۈنى گوۋۇيۈەن «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئېلان قىلدى. 1963 - يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يەنە دۆلەتنىڭ شۇ چاغدىكى مالىيە ئەھۋالىغا ۋە مالىيىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن، 1958 - يىلى تۈزۈلگەن «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى»گە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىنى باشقۇرۇش ئىشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە (لايىھە)»نى تەييارلىدى، بۇ لايىھە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا سۇنۇلماي، 1963 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ئۈچۈن تەستىقلاپ چۈشۈرۈلدى، بۇ لايىھە ئەمەلىيەتتە ئۇزاق بىرمەزگىلگىچە ئىجرا قىلىندى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مالىيىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ھوقۇق دائىرىسىنىڭ ياكى چوڭ ۋە ياكى كىچىك بولۇشى جەھەتتە بۇ ئىككى بەلگىلىمىدە ئازراق پەرق بولسىمۇ، لېكىن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى جەھەتتىكى بەلگىلىمەلەر بىردەك ئىدى. بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىككىلىسىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى تولۇق نەزەرگە ئېلىنىپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مالىيىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى

ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مالىيە جەھەتتە بېرىدىغان زور ياردىمى كەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ئىككى بەلگىلىمە ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېلىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىنى باشقۇرۇش چارىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

ئىككىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىر قاتار تەشكىلىي نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى.

1954 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 1955 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە بولغان 11 يىل ئىچىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ زور بىر تۈركۈم تەشكىلىي نىزامىنى ياكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ زور بىر تۈركۈم تەشكىلىي نىزامىنى كەينى - كەينىدىن تۈزۈپ چىقتى. 1966 - يىل 2 - ئايغىچە مەملىكەت بويىچە جەمئىي 98 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلدى. بۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىپ، جەمئىي 48 ئايرىم نىزام تۈزۈپ

چىقتى①، ئۇنىڭ ئىچىدە قىسقىچە تەشكىلىي پرىنسىپ بىر، ئۇ بولسىمۇ 1956-يىل 9-ئاينىڭ 2-كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىغان «شىزاڭ ئاپتونوم رايونىغا تەييارلىق قىلىش ھەيئىتىنىڭ قىسقىچە تەشكىلىي پرىنسىپى»دىن ئىبارەت؛ سايلام نىزامى بىر، ئۇ بولسىمۇ 1963-يىل 3-ئاينىڭ 20-كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىغان «شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام نىزامى»دىن ئىبارەت. قالغان 46 سى تەشكىلىي نىزام يەنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزاملىرى ياكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزاملىرىدىن ئىبارەت. 1956-يىل 7-ئاينىڭ 9-كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىغان «خىبېي ئۆلكىسى داچاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن خەلق كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»، «خۇنەن ئۆلكىسى جياڭخۇا ياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن خەلق كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»

① مۇشۇ كىتابتىكى قوشۇمچە 3: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار 1955-يىلدىن 1966-يىلغىچە تۈزگەن ئايرىم نىزاملارنىڭ مۇندەرىجىسى»گە قارالسۇن.

قاتارلىقلار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى جۈملىسىگە كىرىدۇ. 1956 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»، 1958 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى» قاتارلىقلار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق-قۇرۇلتايلىرى بىلەن ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ بىر تۈركۈم تەشكىلىي نىزاملار ئاساسىي جەھەتتىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتاي-لىرى بىلەن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى» ئاساس قىلىنغان، ئاساسىي قانۇندا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدا بەلگىلەنگەن مەزمۇنلار قوشۇلغان ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاساسلىنىلغان ھالدا كونكرېتلاشتۇرۇلغان. بۇ مەزگىلدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى

تۈزگەن بۇ بىر تۈركۈم تەشكىلىي نىزاملار شۇ چاغدا ھەل قىلىش جىددىي زۆرۈر بولغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بولۇپ، مەلۇم تارىخىي رول ئوينىغان. لېكىن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، بۇ بىر تۈركۈم تەشكىلىي نىزاملاردا ئومۇمىيۈزلۈك بىر كەمچىلىك ساقلانغان، ئۇ بولسىمۇ ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ قوللىنىش، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش مەسىلىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

"مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ئېلىپ بېرىلغان ئون يىللىق ئاپەت مەزگىلىدە، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئىشلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق خىزمىتىدىمۇ ھېچقانداق يېڭى ئىلگىرىلەش بولمىدى، چېكىنىشلا بولدى، ئەلۋەتتە. 1975-يىلى "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغان ۋاقىتلاردا تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇندىن 1954-يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن "ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ" دېگەن ئومۇمىي پرىنسىپ چىقىرىۋېتىلىپ، "مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جايلار" دېگەن بىرنەچچە سۆزلا قېلىپ قالدى؛ 1954-يىلدىكى ئاساسىي قانۇندىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى

توغرىسىدىكى كونكرېت بەلگىلىمىلەرمۇ چىقىرىۋېتىلىپ، "قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزسە بولىدۇ" دېگەن بىر قۇرۇق گەپلا يېزىلدى. ئەمەلىيەتتە، 1975 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ مېغىزى چىقىرىپ تاشلاندى، بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق تارىخىدىكى ئېغىر چېكىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1978 - يىلى تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇندا، ئەينى ۋاقىتنى كونكرېت شارائىت بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانلىقتىن، 1954 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدىكى ئاساسىي بەلگىلىمىلىرى ئازراق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەكمۇ چولتا بولۇپ قالغانىدى. مەسىلەن، 1954 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى 1978 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزسە بولىدۇ، دەپلا بەلگىلەنگەن. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ تولىمۇ يېتەرسىزلىك قىلاتتى.

## ئۈچىنچى بۆلۈم 1982-يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى يېڭى بەلگىلىمىلىرى

1982-يىلى تۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە دائىر بەلگىلىمىلەر ئىلگىرىكى ئاساسىي قانۇنلاردىكىدىن مۇكەممەل ۋە كونكرېت بولدى. ئۇنىڭدا 1954-يىلى تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇندىكى بەزى مۇھىم پرىنسىپلار ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مىللىي خىزمەت جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئىشىنىڭ زور نەتىجىلىرى قوبۇل قىلىندى؛ ھەمدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان 30 نەچچە يىل مابەينىدە ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردە ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىگە يارىشا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بىر قاتار مۇھىم يېڭى بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى.

1982-يىلدىكى ئاساسىي قانۇنغا 1954-يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى

بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتىكى يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى:

بىرىنچى، 1982 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا: "ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدۇر" دەپ ئېنىق بەلگىلەندى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى توغرىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىلەر بەلگىلەندى:

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىدە مۇنداق دېيىلگەن: "ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن باشقا، شۇ مەمۇرىي رايوندا ئولتۇراقلاشقان باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولۇشى كېرەك." يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۆتىگۈچىلەر ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى بولۇشى كېرەك."

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى توغرىسىدا: "ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى،

ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. چۈنكى دۆلىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە مەمۇرىي باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، بۇ بەلگىلىمە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم.

ئىككىنچى، 1982-يىلدىكى ئاساسىي قانۇنغا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مالىيىنى ئىقتىسادنى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈپ كىرگۈزۈلگەن.

1. "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن.

2. "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا، مىللىي مەدەنىي مىراسلارنى ئاسراش ۋە رەتلەشتە، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدۇ"

دەپ بەلگىلەنگەن.

3. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ يەرلىك مالىيىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدا: "دۆلەتنىڭ مالىيە تۈزۈمىسى بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا تەئەللۇق بولغانلىكى مالىيە كىرىمىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ" دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ئۈچىنچى، 1982 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا دۆلەت مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە بارلىق تىرىشچانلىق بىلەن ياردەم بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك، دەپ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن.

1. "دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشىغا مالىيە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن.

2. "دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆز جايىدىكى مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، تۈرلۈك ئىختىساسلىق كەسىپىي خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن.

3. "دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق

مەنبەلىرىنى ئېچىشتا، كارخانا قۇرۇشتا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىشى كېرەك" دەپ بەلگىلىگەن.

تۆتىنچى، 1982 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا گوۋۇيۈەننىڭ خىزمەت ھوقۇقى توغرىسىدا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلىگەن: گوۋۇيۈەن "مىللىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە بۇ ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ."

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»(تۆۋەندە قىسقارتىپ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دەپ ئاتىلىدۇ)نى تۈزۈشتىكى توپ ئاساسى 1982 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەردۇر.

# ئۈچىنچى باب
# «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ تۈزۈلۈشى

## بىرىنچى بۆلۈم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تۈزۈشتىكى يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئاساسىي پرىنسىپ

1954 ـ يىلى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مىللەتلەر كومىتېتى ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار 1955 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاساسىي قانۇننىڭ روھىغا ئاساسەن، ئالدى بىلەن 1952 ـ يىلىدىكى «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۆزگەرتىپ، باشقىدىن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە نۇقتىلىرىنىڭ لايىھىسى»نى تەييارلاشقا تۇتۇش قىلدى ھەمدە ئۇنى سەككىز قېتىم ئۆزگەرتتى. بۇ لايىھە تۈزۈش خىزمىتى ئەينى ۋاقىتتا

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇشتا ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەر ئاساسىدا، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى مەزمۇنلىرى ئۈستىدە بىرقەدەر ئەتراپلىق ئىزدەندى①. "سول" خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن، بۇ قانۇن تۈزۈش خىزمىتى يېرىم يولدا توختاپ قالدى؛ لېكىن مۇشۇ بىرمەزگىللىك لايىھە تۈزۈش خىزمىتى كېيىنكى چاغلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تۈزۈش ئىشىنى مۇھىم تەجرىبىلەر بىلەن تەمىن ئەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى ۋە قانۇنلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىملىقىنىمۇ تەكىتلەشكە ئىنتايىن دىققەت قىلدى. 1981 ـ يىلىدىكى "جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى

---

① شى جۇننىڭ «مىللەتلەرگە دائىر قانۇنچىلىق تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىنىڭ "خاتىمە"سىگە قارالسۇن. بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتىنىڭ 1986 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 7 — 8 ـ بەتلەر.

قارار"دا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: "مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرىنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم." 1981-يىلى ئېچىلغان 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا ئوخشاش مىللىي قانۇنلارنى تۈزۈش خىزمىتىنى① تېزلىتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ لايىھەسىنى تۈزۈش خىزمىتى 1980-يىلى باشلاندى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى بىلەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار لايىھە تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، لايىھە تۈزۈشكە باشلىدى. بۇ قانۇننىڭ لايىھەسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش ۋۇلەنفۇنى گۇرۇپپا باشلىقى قىلغان مىللىي تېررىتورىيىلىك

---

① 1981-يىل 12-ئاينىڭ 13-كۈنىدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنىنىڭ «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارى»غا قارالسۇن.

ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ لايىھەسىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى مەخسۇس تەشكىللىدى. لايىھە تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشقان يولداشلار ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ۋە كۆپ مىللەتلىك ئۆلكىلەرگە كۆپ قېتىم بېرىپ، كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئىلىپ بېرىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلىدى. بۇ قانۇننىڭ لايىھەسىنى تۈزۈش، ئۇنى قاراپ چىقىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، كۆپ خىل شەكىل قوللىنىلىپ، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر، ھەرقايسى ئاپتونوم ئوبلاستلار، ئاپتونوم ناھىيىلەر ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىكلىرى، كومىتېتلىرىدىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىندى. قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلىپ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى (لايىھە)» تۈزۈپ چىقىلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ سۇنۇشى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىقىپ ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، 1984 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى، 1984 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» 1982 ـ يىلىدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»غا ئاساسەن تۈزۈلدى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى "ئومۇمىي پرىنسىپ"نىڭ 1 ـ ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن تۈزۈلدى» دېيىلگەن. ئاساسىي قانۇن بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ قانۇنى بولۇپ، يۇقىرىقى قانۇنىي كۈچكە ئىگە. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قانۇننىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي بەلگىلىمىلەر تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى ھەمدە ئاساسىي قانۇن بۇ قانۇننىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى قىلىندى.

بىرىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ـ دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن بىر مۇھىم سىياسىي تۈزۈمى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئومۇمىي پرىنسىپقا ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتىن ئىبارەت بۇ باش يېتەكچى تولۇق ئىلگىرى سۈرۈلگەن، ئۇ بولسىمۇ سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش، جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. "تۆت ئاساسىي پرىنسىپ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ ئورتاق سىياسىي ئاساسى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ تۈپ كاپالىتى."①

ئىككىنچى، 1982-يىلى تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇن — يېڭى تارىخىي دەۋردىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان ئاساسىي قانۇن، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن: "دۆلەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۈپ ۋەزىپىسى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش،" "سانائەتنى، يېزا ئىگىلىكىنى، دۆلەت مۇداپىئەسىنى ۋە پەن-تېخنىكىنى پەيدىنپەي زامانىۋىلاشتۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش." بۇ — يېڭى دەۋردىكى پۈتكۈل دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، ئەلۋەتتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭمۇ تۈپ ۋەزىپىسى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا

---

① پېڭ جېن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا دوكلات» (1982-يىلى 11-ئاينىڭ 26-كۈنى).

يېڭى دەۋردە دۆلەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىنى يولغا قويۇش روھى كەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ "سۆز بېشى"دىلا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەز مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، "كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇنى ئىتتىپاقلاشقان، ئاۋات مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ۋەتىنىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم."

ئۈچىنچى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەت خەلقى بىرلىكتە بەرپا قىلغان كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت. ئاساسىي قانۇندا قېلىپلاشتۇرۇلغان، مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان ئومۇمىي پرىنسىپ، بىرىنچى، ھەممە مىللەت باپباراۋەر بولۇش، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇقىغا ۋە مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپىدىن؛ ئىككىنچى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكى پرىنسىپىدىن؛ ئۈچىنچى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش پرىنسىپىدىن؛

تۆتىنچى، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىپ، بارلىق تىرىشچانلىقلار بىلەن، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پرىنسىپىدىن؛ بەشىنچى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇش پرىنسىپىدىن ئىبارەت. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بۇ پرىنسىپلار تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

تۆتىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ماركسىزم-لېنىنىزم بويىچە ھەل قىلىدىغان تۈپ سىياسىتى. دۆلەتنىڭ "ئومۇمىي پروگراما"سى بولغان ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: "ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىدۇ، ئاپتونومىيە ھوقۇقى يۈرگۈزۈلىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمىدۇر." ئاساسىي قانۇننىڭ "دۆلەت ئاپپاراتلىرى" دېگەن بابىدا يەنە "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى" دېگەن مەخسۇس پاراگراف ئاجرىتىلىپ، ئۇنىڭدا مىللىي

ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بولغان رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى قاتارلىقلار ھەققىدە مۇھىم بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويىدىغان تۈپ قانۇن، ئۇ ئاساسىي قانۇندا قېلىپلاشتۇرۇلغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشىدۇر.

بەشىنچى، ھەرقانداق بىر قانۇننىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، مەلۇم تارىخىي ۋەزىپىسى بولىدۇ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»مۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان، مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان قانۇن، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ۋە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بىرلىك بىلەن ئاپتونومىيىنىڭ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك

مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، شۇنىڭدەك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىشلىرىنى تېزلىتىش، دۆلەتنىڭ ياردىمى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يەنە بىر مۇھىم دەۋر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئادەتتىكى جايلارنىڭكىگە ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىغا يول قويۇش پرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئالتىنچى، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ بىردەك بولۇشىنى قوغداش پرىنسىپى. دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ بىردەكلىكىنى قوغداش ــ بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك بىرلىككە كەلگەن دۆلىتىمىزنىڭ بىر مۇھىم پرىنسىپى، ئاساسىي قانۇنىمىزنىڭ "ئومۇمىي پروگرامما" قىسمىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: "دۆلەت سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىززەت

ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ.»

قانۇنلار، مەمۇرىي نىزام ۋە يەرلىك نىزاملارنىڭ ھېچقايسىسى ئاساسىي قانۇنغا زىت كەلمەسلىكى كېرەك.

بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەرقايسى پارتىيىلەر ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى، كارخانا تەشكىلاتلىرى كەسپىي تەشكىلاتلار ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش شەرت. ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ ھەرىكەتلەر سۈرۈشتۈرۈلۈشى شەرت.

ھەرقانداق تەشكىلاتنىڭ ياكى شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇندىن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىپ، ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.»

ئاساسىي قانۇندا يەنە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، ئاساسىي قانۇندا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ۋە باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ "ئومۇمىي پرىنسىپ" قىسمىنىڭ 5-ماددىسىدا ئاساسىي قانۇننىڭ روھىغا ئاساسەن مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى، ئۆز يېرىدە ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا رىئايە

قىلىشقا ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.»

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشقا ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش — سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ توپ قانۇنىي كاپالىتى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا قانۇن - تۈزۈمنىڭ بىرلىكىنى قوغداش پرىنسىپى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ بىرقاتار ماددىلاردا تەكىتلەنگەن.

## ئىككىنچى بۆلۈم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى

دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى ۋە قانۇنلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى پەيدىنپەي يولغا قويۇش — مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: 1954 - يىلى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇنقىسى بىرىنچى باسقۇچ؛ 1954 - يىلى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ، ئوتتۇرىدا "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نى باشتىن كەچۈرۈپ، 1977 -

يىلىغىچە بولغان ۋاقىت ئىككىنچى باسقۇچ؛ 1987 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ۋاقىت ئۈچىنچى باسقۇچ.

بىرىنچى باسقۇچتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى»دا ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن قۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا قۇرۇلغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن ناھىيە، ۋىلايەت بىلەن تەڭ ياكى ۋىلايەتتىن يۇقىرى بولغان بولسا، بەزىلىرىنىڭ ئورنى ناھىيىدىن تۆۋەن، يېزا (كەنت)، رايونلار بىلەن تەڭ بولغان. ئەينى ۋاقىتتىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 1954 ـ يىلى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغانغا قەدەر، مەملىكەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مىللىي ئاپتونوم رايوندىن جەمئىي 58، ناھىيىدىن تۆۋەن، رايون دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم رايوندىن 106 سى قۇرۇلغان①.

① بۇ ئىككى سان توغرىسىدا «خەلق» گېزىتىنىڭ 1954 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى «ئاساسىي قانۇننىڭ لايىھىسىدە، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ھەمكارلىق روھى ئىزچىللاشتۇرۇلغان» دېگەن باش ماقالىسىغا ۋە 1955 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى «گوۋۇيۈەننىڭ رايون بىلەن تەڭ دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم رايونلارنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى»غا قارالسۇن.

ئىككىنچى باسقۇچتا، 1954 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار پەقەت ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىلگىرىكى ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بولغان مىللىي ئاپتونوم رايونلار ئوخشاش بولمىغان مەمۇرىي ئورنىغا قاراپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ياكى ئاپتونوم ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن؛ ناھىيىدىن تۆۋەن بولغان، ئىلگىرىكى رايون، يېزا (كەنت) دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ بەزىلىرى، كونكرېت شارائىتقا ئاساسەن، مىللىي يېزا، بەزىلىرى ئادەتتىكى رايون، يېزا قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، بەزىلىرى ئاپتونوم ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1954 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ، 1966 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 49 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلغان. 1966 ـ يىلى "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" باشلانغانغا قەدەر، تەرتىپكە سېلىنغان، يېڭىدىن قۇرۇلغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مەملىكەت بويىچە جەمئىي 98 بولۇپ، بۇلار 5 ئاپتونوم رايون، 29 ئاپتونوم ئوبلاست، 64 ئاپتونوم ناھىيىسىنى① ئۆز ئىچىگە ئالغان.

① ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈچ ئاپتونوم خوشۇنى — ئېلۇنچۈن ئاپتونوم خوشۇنى، ئېۋېنكى ئاپتونوم خوشۇنى، مولداۋا داغۇر ئاپتونوم خوشۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

"مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ئېلىپ بېرىلغان ئون يىللىق مالىمانچىلىقىدا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ئىنى بىياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھلىرىنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، بۇرۇن بار بولغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاياغ ئاستى قىلىنغان يەردە، يېڭى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۈچىنچى باسقۇچتا، يەنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىللىي خىزمەتتە بىرقاتار مۇھىم ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ 1984 ـ يىل 5 ـ ئايدا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغىچە يەنە 12 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلدى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئاساسەن، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا تۈزۈلگەن، ئۇ ـــ مەملىكىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان 30 يىلدىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى.

مەملىكىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا

قويۇلغان 30 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدىغان توغرا سىياسىي تۈزۈم. بۇ تۈزۈم ئۆزىنىڭ غايەت زور تارىخىي رولىنى جارى قىلدۇردى ۋە جارى قىلدۇرماقتا. بۇنداق تارىخىي رول، ئاساسەن، مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

ئىككىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىدۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ۋە ۋاراجلاندۇرۇشقا پايدىلىق.

ئۈچىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلەتنىڭ بىرلىكى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى، ئۇنداق قىلىش دۆلەتنىڭ تىنچ-

ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق، چەتنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئاغدۇرمىچىلىقىغا قارشى تۇرۇشقا پايدىلىق.

تۆتىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار پۈتۈن مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ يەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرى پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىيالايدۇ، ھەم دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىش رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. بۇ تۈزۈم مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ئىنتايىن پايدىلىق.

ئۆتكەن بىرمەزگىل ئىچىدە، "سول" خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دا بىز مىللىي خىزمەتتە نۇرغۇن خاتالىق ئۆتكۈزدۇق، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىمى مۇنداق ئىككى: بىرىنچىدىن، سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىپ، نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە

ئامىسىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزدۇق، ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى.① «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بۇ تارىخىي ساۋاق ئەستايىدىل يەكۈنلەندى ۋە ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىندى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ "سۆز بېشى"دىلا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو- مىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش مەسىلىسى گەۋدىلىك تەكىتلەندى. بۇنىڭ سەۋەبى، 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتە- نىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىغىچە بولغان 20 يىل جەريانىدا، "سول" يېتەكچى ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىدە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدىغان خاھىش كېلىپ چىققانىدى، بەزى جايلاردا ھەتتا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان، بەزى ئاپتونوم ناھىيىلەرنى ئادەتتىكى ناھىيىلەرگە قوشۇۋېتىدىغان خاتا قىلمىشلار كېلىپ چىققان. بولۇپمۇ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىن ئىبارەت ئون يىللىق ئاپەت داۋامىدا، لىن بياۋ جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي

① 1981 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»ىغا قاراڭ.

گۇرۇھلىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئاياغ ئاستى قىلدى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ۋە بۆلۈۋېتىپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى يوقىتىۋېتىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. دەل مۇشۇنداق تارىخىي ساۋاقلارنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، 1981 ــ يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 ــ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا "مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم" دېگەن مۇھىم ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا پارتىيە ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مۇھىم ۋەزىپە قانۇن شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلدى ھەمدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بەش ماددىلىق مۇھىم پرىنسىپى بەلگىلەندى:

بىرىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىزچىل ئىجرا قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن ھەر

دەرىجىلىك كادىرلارنى، تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۆز يېرىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

تۆتىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت خەلق ئىگىلىكى پىلانى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تىرىشىپ ياردەم بېرىشى كېرەك.

بەشىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كۈرىشىدە، چوڭ مىللەتچىلىككە، مۇھىمى چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش، يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش لازىم.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى يۇقىرىقى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» "سۆز بېشى" يەتتە باب، 67 ماددىدىن تەركىب تاپقان. "سۆز بېشى"دىن باشقا، بىرىنچى بابى "ئومۇمىي پرىنسىپ"؛ ئىككىنچى بابى "مىللىي

ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرى-
نىڭ تەشكىل قىلىنىشى"؛ ئۈچىنچى بابى "ئاپتونومىيە ئورگان-
لىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى"؛ تۆتىنچى بابى "مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق
تەپتىش مەھكىمىلىرى"؛ بەشىنچى بابى "مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەت"؛ ئالتىنچى بابى "يۇقىرى
دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى"؛
يەتتىنچى بابى "قوشۇمچە پرىنسىپ"تىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن
«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ، مەزمۇن ياكى
شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، 1952 - يىلىدىكى «يولغا قويۇش نۇقتە-
لىرى»دىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.
لېكىن، «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى» بىلەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنى» ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچتا
تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا قېلىپلاشتۇرۇلغان مەزمۇنلار
ئىچىدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسى-
دىكى ئەڭ ئاساسىي مەزمۇنلار بىر-بىرىگە ئوخشىغاندىن باشقا،
يەنە ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن،
يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلىدە تۈزۈلگەن «يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»نىڭ مۇھىم
نۇقتىسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قانداق قۇرۇشنى،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك
ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى شۇنىڭدەك يۇقىرى دەرىجىلىك

خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قانداق رەھبەرلىك قىلىشىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت بولغان. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە تۈزۈلگەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بولسا يۇقىرىقى مەزمۇنلار مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغاندىن باشقا، ئۇنىڭدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلىق ۋە قالاقلىق مەسىلىسىنى قانداق قىلىپ قانۇنىي كاپالەت ئارقىلىق ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە شارائىت يارىتىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا پەيدىنپەي راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مالىيە، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتلەردە شۇ دەرىجىلىك ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقى بىرقەدەر كونكرېت بەلگىلىنىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى تېزلىكتە راۋاجلاندۇرۇشىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىشى، قانداق ياردەم

قىلىش ھەمدە قانداق توغرا رەھبەرلىك قىلىشنىمۇ بىرقەدەر كونكرېت بەلگىلىگەن. بۇ — «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋر ئالاھىدىلىكى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، دۆلەت ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم تارىخىي رول ئوينايدۇ.

# توٌتىنچى باب
# مىللىي ئاپتونومىيلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى

## بىرىنچى بۆلۈم مىللىي ئاپتونومىيلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دېگەن نېمە؟

مىللىي ئاپتونومىيلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دەپ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەم ئۆزلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان، ھەم ئاساسىي قانۇندا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ۋە باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا ئېيتىلىدۇ. ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي ئاپتونومىيلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدۇر." ئاپتونوم رايون بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە

خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى؛ ئاپتونوم ئوبلاست بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى؛ ئاپتونوم ناھىيە بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بولىدۇ دېگەنلىك.

ئاساسىي قانۇندا ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»دا، ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي ئورگىنى بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئالدىدا مەسئۇل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى يەنە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يىغىنلىرىنى چاقىرىشقا مەسئۇل بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇندا ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي

كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى جەھەتتىمۇ ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئەلۋەتتە، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ناھىيىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قارمىقىدىكى ئاپپاراتلار، مەسىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىكى ھەرقايسى نازارەت، ئىدارە، كومىتېتلار، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىكى ھەرقايسى ئىدارە، بۆلۈم قاتارلىقلار ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت تارماقلىرىدۇر؛ ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، مەسىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىكى نازارەت باشلىقى، ئىدارە باشلىقى، كومىتېت مۇدىرلىرى؛ ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىكى ئىدارە باشلىقلىرى، بۆلۈم باشلىقلىرى قاتارلىقلار ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي ئەزالىرىدۇر.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگانلىرى ۋە يەرلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى يەنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىلا

ئىبارەت بولىدۇ. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم نامىيە دەرىجىلىك دۆلەت تەۋەلىكىدىكى ئورگانلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇننى نازارەت قىلىش ئورگانلىرى يەنى خەلق سوت مەھكە-مىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ھېچقايىسى ئاپتونومىيە ئورگىنى ھېسابلانمايدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى گەرچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن تەڭ دەرىجىلىك دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولۇپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بىلەن قانۇندا بەلگىلەنگەن مەمۇرىي ناسۇەتتە بولىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى" دېگەن بابقا كىرگۈزۈلمەي، بەلكى مەخسۇس ئاجرىتىلغان بابقا كىرگۈزۈلۈپ، شۇ بابتا ئايرىم بەلگىلەنگەن.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئۈچۈن تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىكى مەزمۇن بەلگىلەنگەن:

بىرىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت

مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېت- لىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار- نىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

ئىككىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش ئىشلىرى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى- نىڭ نازارىتىدە بولىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمە- لىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. ئۈچىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك تەركىبىدە ۋە خىزمەتچىلىرى ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ خادىملىرى بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىلنى قوللىنىشى كېرەك. ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ دەۋا ئىشلىرىدا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇ جايدا كەڭ قوللىنىدىغان تىل-

يېزىقنى بىلمەيدىغان دەۋا ئىشتىراكچىلىرىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىشى كېرەك. قانۇن ھۆججەتلىرىنى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل يېزىق بىلەن يېزىشى كېرەك.

## ئىككىنچى بۆلۈم ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ خاراكتېرى

ئاساسىي قانۇندىكى ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئاپتونومىيە ئورگان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېلىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىشكە ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۇنى تۆۋەندىكى بەش جەھەتتىن چۈشەندۈرىمىز:

بىرىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خاراكتېرى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. مانا بۇ بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك

جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر، ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر دەرىجىلىك يەرلىك مەمۇرىي رايونىدۇر.

دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

1. دۆلەتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ياكى دۆلەتنىڭ "دۆلەت تۈزۈمى"دىن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت.

2. دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمىدىن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈم يولغا قويۇلغان دۆلەت. ئاساسىي قانۇندا مۇنداق بەلگىلەنگەن: سوتسىيالىستىك تۈزۈم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈپ تۈزۈمى. سوتسىيالىستىك تۈزۈم سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنى، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت-مائارىپ تۈزۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئېلىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار، سىنىپىي ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدا چىڭ تۇرىدىغان جايلار؛ ئۇلارنىڭ تۈپ تۈزۈمىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار

سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرىدىغان جايلار.
ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بولسا خەلق دېموكراتىيىسى دىكتا-
تۇرىسىنى يولغا قويىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنىدۇر.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر-
قايسى جايلىرىغا ئوخشاش سىنىپىي ماھىيەت ۋە تۈپ تۈزۈم
جەھەتتىكى ئورتاقلىق خاراكتېرىدىن باشقا، يەنە ئالاھىدە
خاراكتېرگىمۇ ئىگە، ئۇ بولسىمۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-
نىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنى
ئاساس قىلىپ قۇرۇلغانلىقى، بۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدىغان جاي بولغانلىقىدۇر.
بۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئادەتتىكى جايلاردىكى
مەمۇرىي رايونلارغا ئوخشىمايدۇ، بۇ يەردە تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت بولىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيە-
لىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن
ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان
ئورگان ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىي شەكلى.

ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ"،
"مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتايلىرى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان

ئورگانلىرىدۇر.*

ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى، مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە، خەلق قۇرۇلتىي تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ئورگانلار شۇ جايدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بولىدۇ؛ خەلق قۇرۇلتىي تۈزۈمى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىي شەكلى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىللىي ئاپتونومىيىلىك رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بولىدۇ. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق قۇرۇلتايلىرى سايلايدۇ، ئۇنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە سايلايدۇ، ئۇنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش ئۇسۇلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنىدۇ، دائىمىي كومىتېت مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار ۋە ئەزالاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي ئورگىنى بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى.

ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئىجرائىيە ئورگانلىرىدۇر، شۇنداقلا ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەردىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدۇر. ئاپتونوم

رايون، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋە باش كاتىپ، نازارەت باشلىق-لىرى، ئىدارە باشلىقلىرى، كومىتېت مۇدىرلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار ۋە ئىدارە باشلىقلىرى، بۆلۈم باشلىقلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىس-لىرى، ئاپتولوم ئوبلاست باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىق-لىرى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى ۋە مۇئاۋىن ھاكىملىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى-نىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەت-لىرىگە ئوخشاش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىمۇ قوش جاۋابكارلىق پرىنسىپىغا ئاساسەن، بىر تەرەپتىن، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇل-تايلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ؛ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يىپىق مەزگىلدە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنىدۇ، دائىمىي كومىتېت مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار ۋە ئەزالاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي ئورگىنى بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى.

ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئىجرائىيە ئورگانلىرىدۇر، شۇنداقلا ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەردىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدۇر. ئاپتونوم

رايون، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋە باش كاتىپ، نازارەت باشلىقلىرى، ئىدارە باشلىقلىرى، كومىتېت مۇدىرلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار ۋە ئىدارە باشلىقلىرى، بۆلۈم باشلىقلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئاپتونوم ئوبلاست باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى ۋە مۇئاۋىن ھاكىملىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە ئوخشاش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىمۇ قوش جاۋابكارلىق پرىنسىپىغا ئاساسەن، بىر تەرەپتىن، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ؛ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يېپىق مەزگىلدە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي

كومىتېتلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەممىسى گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى بولۇپ، گوۋۇيۈەنگە بويسۇنىدۇ؛ ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەنىلا يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئىشلەيدۇ.

تۆتىنچى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش پرىنسىپى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى يولغا قويىدۇ." بۇ يەنىلا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن، مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق دۆلەت ئاپپاراتلىرى يولغا قويىدىغان پرىنسىپتۇر. ئاساسىي قانۇندىكى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى كېرەك:

1. "مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىمۇ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىمۇ دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، خەلقنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ."

2. "دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى خەلق قۇرۇلتايلىرى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلار خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ."

3. "مەركەزدىكى دۆلەت ئاپپاراتلىرى بىلەن جايلاردىكى دۆلەت ئاپاراتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە جايلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئايرىلىدۇ."

بەشىنچى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى قوش ۋەزىپە ئۆتەش خاراكتېرى.

ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇننىڭ ئۈچىنچى باب ٥-پاراگرافىدا بەلگىلەنگەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاساسىي قانۇندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ۋە باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا

قاراپ ئىجرا قىلىدۇ."

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى، ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن ئېيتقاندا، قوش ۋەزىپەنى ئۆتەش خاراكتېرىغا ئىگە: بىر تەرەپتىن، بىر دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاساسىي قانۇندا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق①. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاساسىي قانۇندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ۋە باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق.

مەسىلەن، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خۇنەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئوخشاش خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، خۇنەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇل-

① كونكرېت مەزمۇنى توغرىسىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 7-، 8-، 38-، 39-، 51-ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە قارالسۇن.

نى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يۈرگۈزەلمەيدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. گۇيجۇدىكى شەرقىي جەنۇبىي گۇيجۇ مياۋزۇ-دۇڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى گۇيياڭ، چاڭشا قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ئوخشاش خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ①. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە گۇيياڭ، چاڭشا قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى يۈرگۈزەلمەيدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. خۇنەندىكى شىنخۇاڭ دۇڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى شىنخۇا، ئەنخۇا قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ئوخشاش خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە شىنخۇا، ئەنخۇا قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى يۈرگۈزەلمەيدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى ئېلىمىزنىڭ يەرلىك مەمۇرىي رايونلارغا

---

① «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 4-ماددا 2-ئابزاسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەۋەسىدە رايون، ناھىيە بولغان شەھەرلەرنىڭ يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ."

بۆلۈنۈشىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئادەتتىكى جايلارغا ئوخشىمايدىغان ئەڭ مۇھىم پەرقى ھېسابلىنىدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بىر دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى سۈپىتىدە، ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا ئوخشاش، ئاساسىي قانۇنغا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تەشكىل قىلىنغان. لېكىن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلى ۋە خىزمىتى ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىدا ياكى ئايرىم نىزاملىرىدا بەلگىلىنىدۇ."

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مۇھىم

تەركىبىگە ئاساسەن بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مۇھىم پرىنسىپلىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان:

بىرىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ تەركىب تېپىشى توغرىسىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇنداق بىر ئومۇمىي پرىنسىپ يەنى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى بولغاندىن تاشقىرى، شۇ مەمۇرىي رايوندا ئولتۇراقلاشقان باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولۇشى كېرەك" دېگەن پرىنسىپ قايتا تەكىتلەنگەن.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىلى ۋە نىسبىتى مەسىلىسىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى يۈز نەچچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبى ئوخشاش بولمىغانلىقى

ئۈچۈن، بىرلىككە كەلگەن، كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىش تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، تۆۋەندىكىدەك ھوقۇق دائىرىسى بەلگىلەنگەن:

"مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا — تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئىگىلەشكە تېگىشلىك سانى ۋە نىسبىتىنى، قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتى بەلگىلەيدۇ ھەمدە ئۇنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ."

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بۇ مەسىلىنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئاساسەن بەلگىلىشىگە ھوقۇق بېرىلگەن، لېكىن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇش تەكىتلەنگەن.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى ھوقۇق بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان "قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئاساسەن" دېگەن سۆزدىكى "قانۇن" «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى»نى كۆرسىتىدۇ. بۇ سايلام قانۇنىنىڭ تۆتىنچى بابىدا،

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سايلىمى توغرىسىدا مەخسۇس بەلگىلە-
مىلەر چىقىرىلغان①.

ئىككىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇل-
تايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرل-
رىنىڭ مىللەت تەركىبى توغرىسىدا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئاساسىي قانۇندىكى تۆۋەندىكى بەلگىلىمە-
لەر قايتا تەكىتلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق
قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر ياكى مۇئاۋىن
مۇدىرلىقىنى ئۆتكۈچىلەر ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى
يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى بولۇشى كېرەك."

بۇ بەلگىلىمىدە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق
قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر ياكى مۇئاۋىن
مۇدىرلىقىنى ئۆتكۈچىلەر ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى
يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى بولۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەن-
گەن، بۇنداق بولۇشى قانۇندا بەلگىلەنگەن، ئۇنداق بولمىسا
بولمايدۇ. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى
يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي

① 1986-يىل 12-ئاينىڭ 2-كۈنى 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىي دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18-قېتىملىق يىغىنىدا
تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-
رىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرى-
جىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى»غا قاراڭ.

كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرىنى سايلاش قانۇنلۇق، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى سايلاشمۇ قانۇنلۇق؛ ئەمەلىي سايلام داۋامىدىمۇ، ھەرقىتىملىق سايلامدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن مۇدىرلارنى سايلىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

ئۈچىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىرىنىڭ مىللەت تەركىبى توغرىسىدا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئاساسىي قانۇندىكى تۆۋەندىكى بەلگىلىمە قايتا تەكىتلەنگەن: "ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ."

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا يەنە مۇنداق بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ."

بۇ بەلگىلىمىلەردە، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇش ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

تۈتىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى خىزمەت تارماقلىرىغا مىللىي كادىرلارنىڭ قويۇلۇشى توغرىسىدا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتا بەلگىلەنگەن:

1. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىللىنىشىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولغاندىن سىرت، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەركىبىدىكى باشقا خادىملار ئىمكان قەدەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتنىڭ خادىملىرىدىن بولۇشى كېرەك."

2. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قارىمىقىدىكى خىزمەت تارماقلىرىغا مىللىي كادىرلارنىڭ قويۇلۇشى مەسىلىسىدە، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قارىمىقىدىكى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ كادىرلىرى ئىمكان قەدەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتنىڭ خادىملىرىدىن بولۇشى كېرەك."

# بەشىنچى باب
# مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقى

## بىرىنچى بۆلۈم ئاپتونومىيە هوقۇقىنىڭ خاراكتېرى

ئاساسىي قانۇن ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى دۆلەتنىڭ بىر تۈپ رەھبەرلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر، دەپ بەلگىلەنگەن. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مەسىلىسى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدىكى مېغىزلىق مەسىلە.

دۆلىتىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىنىڭ خاراكتېرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ

ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ۋە باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقدۇر. بۇ، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەرقايسى پارتىيىلەر ۋە ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ھەرقايسى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى تەشكىلاتلار ئەمەل قىلىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشى زۆرۈر بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى بولۇپ، ئۇنىڭغا دەخلى-تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئازادلىقتىن بۇرۇن، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تاشقى جەھەتتە جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە زۇلمىغا ئۇچرىغان، ئىچكى جەھەتتە ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنىڭ مىللىي زۇلمىغا ۋە مىللىي كەمسىتىشكە ئۇچرىغانىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش تۈزۈمىنى تارىخىي جەھەتتىن بىكار قىلىش دېمەكتۇر. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى يېڭى جۇڭگونىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا

كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى.

ئۈچىنچى، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تۈپ پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەممە مىللەت باپباراۋەر، بۇنىڭدا ئاساسلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىمىزدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلغانلىقى ۋە كاپالەتلىك قىلغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

تۆتىنچى، بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىمىز دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدىكى ئاپتونومىيە، ئاساسىي قانۇندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، "ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى، ئۆز يېرىدە ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشقا ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك" دەپ بەلگىلەنگەن. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئۆز يېرىدە ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشقا ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقى، ئۆز يېرىنىڭ

ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقى دېمەكتۇر.

بەشىنچى، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئومۇمەن بىرقەدەر ئاستا، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا بەك ئاستا بولۇپ كەلدى. دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلىشى، مىللىي ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىتىلىشى بىلەن دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر سىياسىي، قانۇن جەھەتتە باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان بولدى؛ لېكىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك يەنىلا روشەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. مەسىلەن، پەقەت مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېيتقاندا، گەرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىر سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن، مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلەش قەدىمىنىڭ باشلىنىشى تەكشى ئەمەس، بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمىنى ھەتتا باشلانغۇچ جەمئى-يەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن، ياكى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتىن، فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتىن باشلىغان. ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپىغا ئاساسەن، مىللىي ئەھۋال ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان كۆپ مىللەتلىك بۇ دۆلىتىمىزدە، مىللىي زۇلۇم تۈگىتىلگەندىن كېيىن، مىللىي مەسىلىدىكى ئۇزاق

مۇددەتلىك تۈپ خاراكتېرلىك ۋەزىپە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى پەيدىنپەي تۈگىتىشتىن ئىبارەت. بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، تۈپ ئاساسلىقى، دۆلەت ئادەتتىكى رايونلاردا قوللانغانغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە سىياسەت قوللىنىپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدە سىياسىتى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن باشلىنىدۇ: بىرسى دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، يەنە بىرسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئادەتتىكى جايلارغا ئوخشىمايدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىش. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشى، ئورتاق گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش ھوقۇقىدۇر.

## ئىككىنچى بۆلۈم ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدا توغرا بەلگىلىمە چىقىرىش «مىللىي تېررىتورد-

يېرلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ مۇھىم مەزمۇنى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشقا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارارى، بەلگىلىمىسى، بۇيرۇقى ۋە يوليورۇقىنى جانلىق ئىجرا قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئۆلكىلىك، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا ۋە مەمۇرىي نىزاملارغا قاقاشتۇرماسلىق شەرتى ئاستىدا يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇپ قويسا بولىدۇ."

دېمەك، مەملىكىتىمىزنىڭ يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئىچىدە پەقەت ئۆلكىلىك، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك (ئەلۋەتتە، ئاپتونوم رايونمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا ۋە مەمۇرىي نىزاملارغا قاقاشتۇرماسلىق شەرتى ئاستىدا يەرلىك نىزاملارنى تۈزسە ۋە ئېلان قىلسا① بولىدۇ. ئۆلكىدىن تۆۋەن

① 1986-يىل 12-ئاينىڭ 2-كۈنى 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18-قېتىملىق يىغىنىدا

دەرىجىلىك بولغان تەۋەسىدە رايون، ناھىيە بولغان ئادەتتىكى شەھەرلىك① ۋە ناھىيىلىك، تەۋەسىدە رايون بولمىغان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا كەلسەك، ئۇلاردا يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈش ھوقۇقى بولمايدۇ. لېكىن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى، يەنى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈش ھوقۇقى بولىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك

---

تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 7-ۋە 8-ماددىسىغا "ۋە ئېلان قىلىش" دېگەن سۆزلەر قوشۇلغان.

① 1986-يىل 12-ئاينىڭ 2-كۈنى 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18-قېتىملىق يىغىنىدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18-قېتىملىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 7-ۋە 38-ماددىلىرىدا مۇنداق يېڭى بەلگىلىمە

جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق. ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى ۋە ئايرىم نىزاملىرى ئۆلكىلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ ھەمدە مەملىكەتلىك

---

ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى شەھەر ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن چوڭراق شەھەرلەردىكى خەلق خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى، ئۆز شەھىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا، مەمۇرىي نىزاملارغا ۋە شۇ ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزاملىرىغا تاقاشتۇر-ماسلىق شەرتى ئاستىدا، يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يولغا قويسا ھەمدە ئۇنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋە گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرۇپ قويسا بولىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ."

مىللىي ئاپتونوم جايلار تۈزگەن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملار مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمى سىستېمىسىدىكى مىللىي ئاپتونومىيە قانۇن-نىزاملىرىدۇر. ئاپتونومىيە نىزامى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۇنىۋېرسال قانۇن-نىزاملىرىدۇر؛ ئايرىم نىزاملار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قىسمەن خاراكتېردىكى، مەلۇم بىر ئىشنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قانۇن-نىزاملىرىدۇر. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تۈزگەن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملار ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر تۈزگەن يەرلىك قانۇن-نىزاملاردىن پەرقلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، مەيلى يەرلىك قانۇن-نىزاملار، ياكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ياكى ئايرىم نىزاملىرى بولسۇن، ئاساسىي قانۇن بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماسلىقى كېرەك، بۇ نۇقتا ئوخشايدۇ. لېكىن، دۆلىتىمىزنىڭ نۇرغۇن قانۇنلىرىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، جانلىق ياكى تولۇقلىما بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن، مەسىلەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ

نىكاھ قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى» قاتارلىقلاردا شۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن، ئادەتتىكى ئۆلكە، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردە بولسا دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىنى جانلىق ئىجرا قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. نىكاھ قانۇنىنى مىسالغا ئالساق، نىكاھلىنىش يېشى ئەرلەرنىڭ 22 دىن، ئاياللارنىڭ 20 دىن تۆۋەن بولماسلىقى شەرت دەپ بەلگىلەنگەن، ئۆلكىلىك ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى تۈزگەن يەرلىك قانۇن ـ نىزاملارنىڭ بۇ بەلگىلىمىنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى بولمايدۇ؛ لېكىن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى بولسا شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىق كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ، جانلىق بەلگىلىمىلەرنى چىقارسا بولىدۇ. مەسىلەن، سىچۈەن لياڭشەن يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىشتا، نىكاھلىنىش يېشىنى ئەرلەرنىڭ 20دىن، ئاياللارنىڭ 18دىن تۆۋەن بولماسلىقى شەرت دەپ جانلىق ئۆزگەرتكەن.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاساسىي قانۇندا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، بۇنىڭدا: "دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىدۇ" دېگەن بىر مۇھىم پرىنسىپ بار. دۆلىتىمىزدىكى

ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇندا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بېرىلگەن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇشى، ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇشى لازىم. ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈشتە، قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتىلا مۇشۇنداق قىلىپ قالماستىن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىدىمۇ مۇشۇنداق قىلىش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ نۇقتا ئۈستىدە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئۆتكەن بىرمەزگىللىك تەجرىبە-ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى سۈپىتىدە: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالسا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، جانلىق ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختاتسا بولىدۇ" دەپ بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرىنى جانلىق ئىجرا قىلىش ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىش ھوقۇقىمۇ دۆلىتىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومى-

يىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر مۇھىم ئاپتونومىيە ھوقۇقىدۇر.

ئىككىنچى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل تىل-يېزىقنى ئىشلىتىشنى قارار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىزچىل سىياسىتى، 1949-يىلىدىكى «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى»دىن تارتىپ بىرنەچچە قېتىملىق ئاساسىي قانۇنلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. لېكىن، بىرمەزگىلدىن بۇيان، "سول" خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، "مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى" چىقىش بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي مەسىلىدە بىرمەزگىل "مىللىي قوشۇلۇش" شامىلى چىقتى. بۇ "مىللىي قوشۇلۇش" شامىلىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا كۆرۈلدى، ھالبۇكى، بۇ دەل مىللىي مەسىلىدىكى ئىنتايىن بىر سەزگۈر مەسىلە ئىدى. بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىغا ھۆرمەت قىلمىدى، بولۇپمۇ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقىتلىرىدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلەتمىدى ياكى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلمىدى،

ئۇلار ھەمىشە خەنزۇچە تىل-يېزىقنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقى ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولدى. شۈبھىسىزكى، بۇ بىر خىل خاتا قىلىق ئىدى.

مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ جەمئىي 60 نەچچە خىل تىلى بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان بەش تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ. بۇلار، خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسى، مالاي-پولىنېزىيە تىللىرى سىستېمىسى، ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە خۇيزۇلار، خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدۇ، مانجۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدۇ، پەقەت خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى بىر قىسىم مانجۇ ئاھالىسىلا مانجۇ تىلىنى قوللىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 53 مىللەت ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى قوللىنىدۇ، بۇ مىللەتلەر ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، چاۋشيەنزۇ، قازاق، مانجۇ، شىبە، دەيزۇ، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار، رۇس، يىزۇ، ناشى، مياۋزۇ، جىڭپۇ، لىسۇ، لاخۇر، ۋازۇ① قاتارلىق 19 مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي

① ئۇنىڭدىن باشقا، يۇمىزۇلاردا يۇمى يېزىقىنى زاڭزۇ يېزىقى بىلەن يازىدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەنىدى، لېكىن بۇ كەڭ تارقالمىغانىدى، كېيىن بەك ئاز قوللىنىلىدىغان. ئاساسەن دىنىي ساھەدىكىلەر ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان بولغان.

يېزىقى بار ئىدى. بۇ 19 مىللەتنىڭ يېزىقىنىڭ بەزىلىرى شۇ مىللەت ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلاتتى، بەزىلىرى ئازراق قوللىنىلاتتى، بەزىلىرى ئانچە قوللىنىلمايتتى. ئاساسەن، موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىقى كەڭ قوللىنىلاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، دۆلەت ئون ئاز سانلىق مىللەت ئۈچۈن يېزىق ئىجاد قىلىپ بەردى. بۇلار جۇاڭزۇ، بۇيى، مياۋزۇ، دۇڭزۇ، خانى، لىسۇ، ۋازۇ، لىزۇ، ناشى مىللەتلىرىدىن ئىبارەت.

بۇنداق مۇرەككەپ مىللىي تىل-يېزىق مەسىلىسىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ۋە يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش هوقۇقىغا هۆرمەت قىلىش-قىلماسلىق دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى تەڭشەشتىكى بىر مۇهىم مەسىلە بولۇپ قالدى. 1982-يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللىي تىل-يېزىق مەسىلىسىدە ساقلانغان ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەر ئەستايىدىل يەكۈنلىنىپ ۋە قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭ «ئومۇمىي پروگراممىسىدا "مىللەتلەرنىڭ هەممىسى ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە" دەپ بەلگىلىنىپلا قالماستىن، "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى" دېگەن پاراگرافتا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر خىل ئاپتونومىيە هوقۇقى سۈپىتىدە: "مىللىي

ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىشتا، شۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل تىل-يېزىقنى ئىشلىتىدۇ" دەپمۇ بەلگىلەندى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئاساسىي قانۇندىكى بۇ بەلگىلىمە قايتا تەكىتلەنگەندىن باشقا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر خىل مۇهىم ئاپتونومىيە هوقۇقى سۈپىتىدە: "ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىرنەچچە خىل تىل-يېزىقنى تەڭ ئىشلىتىدىغان ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى ئاساس قىلسا بولىدۇ" دەپ بەلگىلەندى.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش جەهەتتە ئاپتونومىيە هوقۇقىغا ئىگە.

مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىن تېخنىك ئىشچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ ئاچقۇچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى

يولغا قويۇشىدىكى تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلە. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بۇ مەسىلىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا تولۇق ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلگەن. يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، تۈرلۈك كەسپىي ئىختىساسلىق خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار يېڭى بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى:

1. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەردىن ھەم ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشى، ھەم تۈرلۈك پەن-تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى قاتارلىق مەخسۇس خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى.

2. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، "ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىدىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ" دەپ

بەلگىلەندى.

3. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەردىن تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

4. "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئادەم ئېلىشتا، ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتتىن ئېلىشى لازىم" دەپ بەلگىلەندى — بۇ يەردە ئېيتىلغان "ئادەم ئېلىش" كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شەھەر-بازار نوپۇسىنىڭ ئازلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىشچى-كادىر ئېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئادەم ئېلىشتا، "يېزىلاردىكى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىدىن ئالسا بولىدۇ". "ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر يېزىلاردىكى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىدىن ئادەم ئېلىشتا، ئۆلكىلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى كېرەك".

6. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك

زامانۇيلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا ئۆز جايىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جاي، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىختىساسلىق خادىملىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا كېلىپ قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا: ئاپتونومىيە ئورگانلىرى "تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنى ئېتىبار بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش يولى بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللانسا بولىدۇ" دەپ بەلگىلەندى.

تۆتىنچى، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدا، ئاساسىي قانۇندا بىر باش پرىنسىپ بەلگىلەندى، ھەمدە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ" دەپ قايتا تەكىتلەندى.

بۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىدە، دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكى بولىدىغانلا بولسا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشتا تولۇق ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا

ئىگە، دېگەنلىكتۇر.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدە تۈزۈلگەن قانۇن، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەڭ مۇھىم دەۋر ئالاھىدىلىكى — سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش. يېڭى دەۋردە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى فاكتىنى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئاپتونومىيە ھوقۇقى نېمە دېگەن مەسىلە ھەققىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ "ئومۇمىي پرىنسىپ"ىدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ مۇھىم پرىنسىپلىق بەلگىلىمە بار:

1. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدىكى باش ۋەزىپىسى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ" دەپ بەلگىلەندى.

2. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە

ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ھوقۇقلۇق."

بۇ — مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر قانۇنىي پرىنسىپ. بۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن "ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە" دېگەنلىكتۇر، بۇنىڭدا: ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلماسلىق پرىنسىپى؛ چوقۇم ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئالدىنقى شەرت بار.

3. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىنىڭ باش يېتەكچى فاڭجېنى بەلگىلەندى ھەمدە ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىش تەكىتلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي

ئۆستۈرىدۇ."

ئاساسي قانۇندا ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن يۇقىرىدىكى ئۇمۇمىي پرىنسىپنىڭ روھىغا ئاساسەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى 12 جەھەتتىكى ئاپتونومىيە هوقۇقى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كونكرېت بەلگىلەندى:

1. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە پىلانلىرىنى تۈزۈش هوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېهتىياجىغا قاراپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ."

2. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش هوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سوتسىيالىزم پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە ئۆز جايىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەيدۇ ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ."

3. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە

ئاساسەن، ئوتلاق ۋە ئورمانلارنى ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆز تەۋەسىدىكى ئوتلاق ۋە ئورمانلارغا ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى بەلگىلەيدۇ.»

4. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەبىئىي بايلىقلارنى باشقۇرۇش ۋە قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: «مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلە-مىلەرگە ئاساسەن، ئۆز تەۋەسىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنى باشقۇرىدۇ ۋە قوغدايدۇ.»

5. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئوتلاق ۋە ئورمانلارنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يايلاق ۋە ئورمانلارنى قوغدايدۇ ھەم بەرپا قىلىدۇ، جىرىم تىكىش ۋە ئوت-چۆپ تېرىش ئىشلىرىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىدۇۋە ئىلھام بېرىدۇ. ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ يايلاق ۋە ئورمانلارغا ھەرقانداق ۋاسىتىلەر بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى مەنئى قىلىدۇ.»

6. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇنغا ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا ئاساسەن تەبىئىي بايلىقلارنى ئالدى بىلەن مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ

بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا ئاساسەن، ئۆز تەۋەسىدىكى ئاچسا بولىدىغان تەبىئىي بايلىقلارنى ئالدى بىلەن مۇۋاپىق ئاچىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ."

7. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەرلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇش هوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز جايىنىڭ مالىيە كۈچىگە، ماددىي كۈچىگە ۋە باشقا كونكرېت شارائىتىغا قاراپ، يەرلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ."

8. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلارنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش هوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز تەۋەسىدىكى كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلارنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدۇ."

9. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ سىرتىدىكى تۈرلۈك مەھسۇلاتلاردىن ئۆز ئالدىغا پايدىلىنىش هوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىدىكى سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، قالغان سانائەت، يېزا

ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇ-
لاتلاردىن ئۆز ئالدىغا پايدىلىنىدۇ."

10. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە سودا پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە بىنائەن، تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە سودا پائالىيىتىنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ. گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، تاشقى سودا ئېغىزلىرىنى قۇرسا بولىدۇ."

11. چەت ئەللەر بىلەن چېگرىداش مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار چېگرا سودىسىنى قانات يايدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "چەت ئەللەر بىلەن چېگرىداش مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايلار گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، چېگرا سودىسىنى قانات يايدۇرىدۇ."

12. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تاشقى پېرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرۇش جەھەتتە ئېتىبارغا ئىگە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە سودا پائالىيەتلىرىدە، تاشقى پېرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەتنىڭ ئېتىبارىغا ئىگە بولىدۇ."

بەشىنچى، مالىيىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە
ھوقۇقى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك

جايلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر قاتار ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنى شەكىللەندۇردى. بۇ ئۇسۇللارنىڭ مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. "مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى"دا بۇ تەجرىبىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ھەمدە ئۇلار قانۇنلاشتۇرۇلدى ۋە تۈزۈملەشتۈرۈلدى.

دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى مۇنداق ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى؛ يەنە بىرى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قارىتىلغان مالىيە جەھەتتىكى ئالاھىدە ياردەم بېرىش ئۇسۇلى. دۆلەت مالىيە جەھەتتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ، بۇ — پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىزچىل سىياستى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرى-سىدىكى بەلگىلىمىلەر دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مالىيە جەھەتتىن ئېتىبار بېرىش روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىسى دۆلەتنىڭ بىر

دەرىجىلىك مالىيىسى بولۇپ، دۆلەت مالىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇندا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مالىيىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدا مۇنداق مۇھىم بىر پرىنسىپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەرلىك مالىيىنى باشقۇرىدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە. دۆلەتنىڭ مالىيە تۈزۈلمىسى بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا تەئەللۇق بولغانلىكى مالىيە كىرىمىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ."

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئاساسىي قانۇندىكى بۇ مۇھىم پرىنسىپ قايتا تەكىتلەندى ھەمدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىنى باشقۇرۇشتىكى تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بەلگىلەندى:

1. مالىيە كىرىم-چىقىم تۈرلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى جەھەتتە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىم تۈرلىرىنى گوۋۇيۈەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە بەلگىلەيدۇ" دەپ بەلگىلەندى.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە خامچوت كىرىمى ۋە مالىيە خامچوت چىقىمى تۈرلىرىنىڭ ئايرىلىشى توغرىسىدا 1985-

يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشتىكى ۋاقىتلىق چارىسى»دا بەلگىلىمەر چىقىرىلغان. 1963 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن ۋاقىتلىق يولغا قويۇلغان «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىنى باشقۇرۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە (لايىھە)»دە يەنە بىر قېتىم بەلگىلىمە چىقىرىلغان. بۇ ئىككى قېتىملىق بەلگىلىمىدە، ئەينى ۋاقىتتىكى كونكرېت تارىخىي شارائىت ئاستىدا، مالىيە خامچوتىدىكى كىرىم - چىقىم تۈرلىرىنىڭ ئايرىلىشى جەھەتتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. سوتسىيالىستىك زامانىۋى-لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە كىرىمى ۋە مالىيە چىقىمى تۈرلىرى توغرىسىدا مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايلارغا ئېتىبار بېرىش جەھەتتە قايتىدىن كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىش بەكمۇ زۆرۈر.

2. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە تۈزۈلمىسى توغرىسىدا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار دۆلەتنىڭ مالىيە تۈزۈلمىسىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن، مالىيە كىرىمى مالىيە چىقىمىدىن ئاشقاندا، ئۇنىڭ مەلۇم مىقدارىنى

يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيىگە تاپشۇرىدۇ، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان مىقدار بىرنەچچە يىلغىچە ئۆزگەرتىلمىسىمۇ بولىدۇ؛ كىرىم چىقىمدىن ئاز بولۇپ قالسا، يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە ئورگىنى ياردەم بېرىدۇ."

دۆلىتىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇتلەق زور قىسمىنىڭ مالىيە كىرىمى هازىرغا قەدەر يەنىلا چىقىمدىن ئاز بولۇپ كېلىۋاتقاچقا، يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە ئورۇنلىرىنىڭ ياردەم بېرىشىگە تايىنىۋاتىدۇ؛ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئىزچىل تۈردە ئېتىبار بېرىپ، مالىيە جەھەتتە ياردەم بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، 1980 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان "گوۋۇيۈەننىڭ مالىيىنى باشقۇرۇش جەھەتتە "كىرىم ـ چىقىمنى ئايرىش، دەرىجىگە بۆلۈپ هۆددىگە بېرىش" تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش"دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونوم رايونلار① يەنىلا

① گوۋۇيۈەننىڭ بۇ ئۇقتۇرۇشىدا "مىللىي ئاپتونوم رايونلار" دېگەن سۆز كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار" دېگەن سۆزمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ يەردىكى "مىللىي ئاپتونوم رايون" ئاپتونوم رايوننى كۆرسىتىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇپ، مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ مالىيىسىگە قارىتىلغان ئەسلىدىكى مەلۇم ئالاھىدە بەلگىلىمىلەرنى ساقلاپ قالدۇ. لېكىن، مەركەز مىللىي ئاپتونوم رايونلارغا بېرىلىدىغان ياردەم سوممىسىنى يىلدا بىر قېتىم بەلگىلەشنى بەش يىلدا بىر قېتىم بەلگىلەشكە ئۆزگەرتىپ، ھۆددىگە بېرىش ئۇسۇلىنى يولغا قويدۇ. بەش يىل ئىچىدە كىرىمنىڭ كۆپەيگەن قىسمىنىڭ ھەممىسى جايلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، مەركەز مىللىي ئاپتونوم رايونلارغا بېرىلە-دىغان ياردەم سوممىسىنى يىلىغا ئون پىرسەنت ئۆستۈرۈپ باردۇ."

1980-يىلدىن ھازىرغىچە، گوۋۇيۈەن ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، گۇاڭشى، نىڭشىيا، شىزاڭ قاتارلىق بەش ئاپتونوم رايونغا ۋە يۈننەن، گۇيجۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئۈچ ئۆلكىگە قارىتا يۇقىرىقى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىپ كەلدى.

3. مالىيە خامچوتىدا ئېھتىيات مەبلىغى ۋە زاپاس خىراجەت ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە چىقىمى خامچوتىدا، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن،

ئېھتىيات مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ جايلارنىڭ زاپاس خىراجىتىنىڭ خامچوتتا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئادەتتىكى رايونلار-نىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ."

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە خامچوتىدىكى ئېھتىيات مەبلىغىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن قوللانغان ئالاھىدە تەدبىرى. بۇ ئېھتىيات مەبلىغىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى 1963 ـ يىلىدىن باشلانغان. 1963 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ئۈچۈن تەستىقلاپ چۈشۈرگەن مالىيە مىنىستىرلىكى، مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى (لايىھە)»دە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، دۆلەت ھەر يىلى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ كىرىمىنى پىرسەنت بويىچە نىسبەتلەشتۈرۈپ ھېسابلىغاندا ياكى ياردەم سوممىسىنى ھېسابلىغاندا، ئالدىنقى يىلدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى خىراجىتى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتى، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە باشقا ئىشلار خىراجىتى (ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇل ۋە كۆچمە مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇپ، مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ مالىيىسىگە قارىتىلغان ئەسلىدىكى مەلۇم ئالاھىدە بەلگىلىمىلەرنى ساقلاپ قالىدۇ. لېكىن، مەركەز مىللىي ئاپتونوم رايونلارغا بېرىلىدىغان ياردەم سوممىسىنى يىلدا بىر قېتىم بەلگىلەشنى بەش يىلدا بىر قېتىم بەلگىلەشكە ئۆزگەرتىپ، ھەر يىلى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويىدۇ. بەش يىل ئىچىدە كىرىمنىڭ كۆپەيگەن قىسمىنىڭ ھەممىسى جايلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، مەركەز مىللىي ئاپتونوم رايونلارغا بېرىلىدىغان ياردەم سوممىسىنى يىلىغا ئون پىرسەنت ئۆستۈرۈپ بارىدۇ.»

1980-يىلدىن ھازىرغىچە، گوۋۇيۈەن ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، گۇاڭشى، نىڭشيا، شىزاڭ قاتارلىق بەش ئاپتونوم رايونغا ۋە يۈننەن، گۇيجۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئۈچ ئۆلكىگە قارىتا يۇقىرىقى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىپ كەلدى.

3. مالىيە خامچوتىدا ئېھتىيات مەبلىغى ۋە زاپاس خىراجەت ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە چىقىمى خامچوتىدا، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن،

ئىھتىيات مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ. بۇ جايلارنىڭ زاپاس خىراجىتىنىڭ خامچوتتا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئادەتتىكى رايونلار- نىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ."

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە خامچوتىدىكى چىقىمدا ئىھتىيات مەبلىغىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن قوللانغان ئالاھىدە تەدبىرى. بۇ ئىھتىيات مەبلىغىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى 1963-يىلىدىن باشلانغان. 1963-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنى گوۋۇيۈەن سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ئۈچۈن تەستىقلاپ چۈشۈرگەن مالىيە مىنىستىرلىكى، مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى (لايىھە)»دە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، دۆلەت ھەر يىلى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ كىرىمىنى پىرسەنت بويىچە نىسبەتلەش- تۈرۈپ ھېسابلىغاندا ياكى ياردەم سوممىسىنى ھېسابلىغاندا، ئالدىنقى يىلدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى خىراجىتى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتى، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە باشقا ئىشلار خىراجىتى (ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇل ۋە كۆچمە مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە

ئالمايدۇ)نىڭ چىقىم نەقچوتىدىكى سانىغا ئاساسەن، بەش پىرسەنت ئېھتىيات مەبلىغى قوشۇپ بېرىدۇ."①

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خامچوتىدىكى چىقىمغا ئېھتىيات مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇشتەك يۇقىرىقى چارە 1964-يىلىدىن باشلاپ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ كەلدى. بۇ چارە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر خىل ئاپتونومىيە ھوقۇقى سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

دۆلىتىمىزدە ئادەتتىكى جايلارنىڭ مالىيە خامچوتىدا زاپاس خىراجەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لېكىن، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ زاپاس خىراجىتى ئىزچىل تۈردە ئادەتتىكى رايونلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ كەلدى. 1958-يىلىدىكى «مىللىي ئاپتونومىيىلىك مالىيە باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى»دە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ زاپاس خىراجىتىنىڭ خامچوتتىكى چىقىمدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى كونكرېت ئەھۋالغا

① 1964-يىل 2-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى «مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بەش پىرسەنت ئېھتىيات مەبلىغىنى ھېسابلاش توغرىسىدىكى كونكرېت بەلگىلىمىسى»گە قارالسۇن.

قاراپ بەلگىلەيدۇ.» 1963 ـ يىلدىكى «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ .لىيىنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە (لايىھە)»دە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ زاپاس خىراجىتى ئادەتتىكى رايونلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلارنىڭ زاپاس خىراجىتى ئومۇمىي چىقىم سوممىسىنىڭ بەش پىرسەنتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ زاپاس خىراجىتى ئومۇمىي چىقىم سوممىسىنىڭ تۆت پىرسەنتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛ ئاپتونوم ناھىيىنىڭ زاپاس خىراجىتى ئومۇمىي چىقىم سوممىسىنىڭ ئۈچ پىرسەنتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.» ئادەتتىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ زاپاس خىراجىتى بولسا ئومۇمىي چىقىم سوممىسىنىڭ ئىككى پىرسەنتى بويىچىلا ھېسابلىنىدۇ①. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئورۇنلاشتۇرۇلغان زاپاس خىراجەتنىڭ خامچوتتا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئادەتتىكى رايونلارنىڭ زاپاس خىراجىتىدىن ئۈستۈن بولىدىغان بۇ چارە ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ كەلمەكتە. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بۇ چارە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر خىل ئاپتونومىيە ھوقۇقى سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

---

① 1964 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى «گوۋۇيۈەننىڭ 1964 ـ يىلدىكى خامچوتنى باشقۇرۇش تۈزۈمى توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى»گە قارالسۇن.

4. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مالىيە خامچوتىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ئارتۇق كىرىم بولغان ۋە چىقىمدىن تېجەلگەن مەبلەغنى ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىدۇ."

5. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تۈرلۈك چىقىم ئۆلچەملىرى، ئىشتاتى ۋە نورمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى هوقۇقى توغرىسىدا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ تۈرلۈك چىقىم ئۆلچەملىرى، ئىشتاتى ۋە نورمىسى توغرىسىدا دۆلەت بەلگىلىگەن پرىنسىپلارغا ئاساسلىنىپ ۋە ئۇنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، قوشۇمچە بەلگىلىمە ۋە كونكرېت چارىلەرنى تۈزۈپ چىقىدۇ، ئاپتونوم رايون تۈزگەن قوشۇمچە بەلگىلىمە ۋە كونكرېت چارە گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ؛ ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر تۈزگەن قوشۇمچە بەلگىلىمە ۋە كونكرېت چارىلەر ئۆلكىلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ."

6. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ باجلارنى كېمەيتىش ئېلىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش جەھەتلەردىكى هوقۇقى توغرىسىدا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك

ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ باج قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن كېمەيتىپ ئېلىنىدىغان ۋە كەچۈرۈم قىلىنىغان باج تۈرلىرىدىن باشقا، بەزى يەرلىك مالىيە كىرىمىگە تەئەللۇق باجلار ئۈستىدە ئېتىبار بېرىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، ئۇنداق باجلارنى كېمەيتىپ ئالسا ياكى كەچۈرۈم قىلسا بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر باجنى كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىشنى بەلگىلەشتە ئۆلكىلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى لازىم."

ئالتىنچى، مىللىي مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى.

ئاساسىي قانۇندا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدا مۇنداق بىر باش پرىنسىپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا، مىللىي مەدەنىي مىراسلارنى ئاسراش ۋە رەتلەشتە، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدۇ."

ئاساسىي قانۇنىدىكى بۇ بەلگىلىمىنىڭ ئومۇمىي روھى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە؛ مىللىي مەدەنىي مىراسلارنى ئاسراش ۋە رەتلەشتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە؛ مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ "ئومۇمىي پرىنسىپ" قىسمىدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلىپ بېرىشىنىڭ باش يېتەكچى فاڭجېنى مۇنداق بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ." «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، ئاساسىي قانۇندىكى پرىنسىپلارغا ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان يېتەكچى فاڭجېنغا ئاساسەن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا تۆۋەندىكى 13 جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى بەلگىلەنگەن:

1. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ مائارىپ پىلانىنى، مەكتەپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىغا ۋە قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ مائارىپ پىلانىنى، ھەر خىل ۋە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى، مەكتەپ تۈزۈمىنى، مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلىنى، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى، ئوقۇتۇشتا قوللىنىلىدىغان تىلىنى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش چارىسىنى بەلگىلەيدۇ."

2. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي مائارىپنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي مائارىپنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىدۇ، تۈرلۈك مەكتەپلەرنى ئاچىدۇ، باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، ئوتتۇرا مائارىپنى راۋاجلاندۇرىدۇ؛ مىللىي سىفەن مەكتەپلىرىنى، مىللىي تېخنىكۇملارنى، مىللىي كەسپىي مەكتەپلەرنى ۋە مىللەتلەر شۆيۈەنلىرىنى ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەسپىي خادىملىرىنى يېتىشتۈرىدۇ."

3. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قونۇپ ئوقۇشنى ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلى ئېلىشنى ئاساس قىلغان، ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى

ئىچىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاز سانلىق مىللەت
چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋە ئىقتىسادىي ناچار بولغان، ئاز سانلىق
مىللەت تارقاق ئولتۇراقلاشقان تاغلىق رايونلاردا قونۇپ
ئوقۇشنى ۋە ئوقۇش ياردەم پۇل ئېلىشنى ئاساس قىلغان،
ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە مىللىي
ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئاچسا بولىدۇ."

4. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا قانداق تىل-يېزىقنى قوللىنىپ
مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلەش ھوقۇقى بولىدۇ
دەپ بەلگىلەندى: "ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل
قىلىشنى ئاساس قىلغان مەكتەپلەردىن شەرت-شارائىتى بارلىرى
ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى قوللىنىشى
ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس ئۆتۈشى كېرەك، باشلانغۇچ
مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدا ياكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ
تىلى دەرسىنى كىرگۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان
ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىم."

5. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي مەدەنىيەت-سەنئەتنى
ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى:
"مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى
مىللىي شەكىل ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىيات-
سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە
قاتارلىق مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا

راۋاجلاندۇرىدۇ."

6. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىي مەدەنىي مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي تىلدىكى كىتابلارنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ، مىللىي مەشھۇر يادىكارلىقلارنى، قىممەتلىك ئاسارەئەتىقىلەرنى ۋە باشقا مۇھىم تارىخىي مەدەنىي مىراسلارنى قوغدايدۇ."

7. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى پەن-تېخنىكىنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ."

8. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ، زامانىۋى ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ." "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ھەمدە ئانا-بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش

ئىشلىرىنى كۆچەيتىدۇ، تازىلىق شارائىتىنى ياخشىلايدۇ.»

9. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەنتەربىيە ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەنتەربىيە ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.»

10. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مەملىكەت ئىچىدە پەن، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقە ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت-سەنئەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا جايلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرىدۇ.»

11. ئاپتونوم رايونلارنىڭ ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى پەن، مەدەنىيەت جەھەتتە چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلىسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى: «ئاپتونوم رايونلارنىڭ ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت-سەنئەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق جەھەتلەردە چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلىسا بولىدۇ.»

12. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش

چارىسىنى تۈزۈپ چىقىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلىنىپ ۋە ئۇنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ."

13. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئاسراش ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى: "مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تۇرمۇش مۇھىتىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسرايدۇ ۋە ياخشىلايدۇ، بۇلغى-نىشنىڭ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى تۈگىتىدۇ."

يەتتىنچى، جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى تەشكىللەش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى.

ماۋ زېدۇڭ 1945 ـ يىل 4 ـ ئايدا بەرگەن "بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە" دېگەن دوكلاتىدا: ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم-لىشىپ، "ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاممىۋى مەنپەئىتىنى قوغداي-دىغان ئۆز قوشۇنلىرىنى قۇرۇش" كېرەك① دەپ ئېنىق تەشەببۇس قىلغانىدى. 1949 ـ يىل 9 ـ ئايدىكى "جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى"دا مۇنداق

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 1862 ـ بەت.

بەلگىلەنگەن: "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردە بىر تۇتاش ھەربىي تۈزۈم بويىچە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىش ۋە يەرلىك خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى تەشكىل قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ."

1952 ـ يىلىدىكى "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش نۇقتىلىرى"دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ "ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ھەربىي تۈزۈمى بويىچە، شۇ ئاپتونوم رايوننىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللىسە بولىدۇ."

1954 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى، دۆلەتنىڭ ھەربىي تۈزۈمىگە ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى تەشكىللىسە بولىدۇ."

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆزىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى تەشكىللەش ھوقۇقىغا ئىگە ـــ بۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىزچىل سىياسىتى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىن ئىبارەت ئۇن يىللىق ئاپەت داۋامىدا، 1975 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. 1982 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا، دۆلىتىمىز

قۇرۇلغاندىن بۇيانقى، ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى تەشكىللىسە بولامدۇ، بولمامدۇ. دېگەن مەسىلىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋال ۋە تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان تۆۋەندىكى بەلگىلىمە چىقىرىلدى: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ھەربىي تۈزۈمىگە ۋە شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، شۇ جاينىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدايدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى تەشكىل قىلسا بولىدۇ."

سەككىزىنچى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئېقىپ يۈرگەن ئاھالىنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئېقىپ يۈرگەن ئاھالىنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ."

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئېقىپ يۈرگەن ئاھالە مەسىلىسى، نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە. مەملىكىتىمىزدە ئاھالىنىڭ تارقىلىشى بەكمۇ تەكشى ئەمەس، ئاساسەن شەرقىي جەنۇبىي قىسمىنىڭ ئاھالىسى زىچ، غەربىي شىمال قىسمىنىڭ ئاھالىسى شالاڭ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئاھالىنىڭ يۆتكىلىش تارىخى يۈزلىنىشىدىن ۋە غەربىي شىمالنى

ئۈچىنچى ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي، جەنۇبىي قىسمىدىكى زىچ ئاھالە غەربىي شىمال تەرەپكە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا تېخىمۇ كۆپ ئېقىپ كىرىدۇ. ئاھالىنىڭ بۇنداق ئېقىپ كىرىشىدە، مۇنداق ئىككى خىل شەكىل بار: بىرىنچىدىن، دۆلەت پىلانلىق تۈردە يۆتكەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزلىرى ئېقىپ كىرىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا پىلانلىق تۈردە يۆتكەلگەن ئاھالە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش نوپۇس تۈزۈمىگە ئاساسەن باشقۇرۇلىدۇ، مەسىلە ئۆزلىرى ئېقىپ كىرگەن ئاھالىنى قانداق باشقۇرۇشتا. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئۆزلىرى ئېقىپ كىرگەن ئاھالە ئاساسەن خەنزۇلار. ئاھالىنىڭ بۇنداق ئېقىش مىقدارىنى قانداق تىزگىنلەش، ئۇلار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنى قانداق باشقۇرۇش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى گۈللەندۈرۈشتە ئۇلارنىڭ ئىجابىي رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ شۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بۇ ئەھۋاللارغا قارىتىپ يۇقىرىقىدەك بەلگىلىمە چىقىرىلغان. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئېقىپ يۈرگەن ئاھالىلەرنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈش ھوقۇقى بېرىلگەن.

# ئالتىنچى باب

# دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قاراتقان رەھبەرلىكى ۋە بەرگەن ياردىمى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى — دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى. بۇ تۈزۈم بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان تۈپ سىياسەت مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، 1978-يىل 2-ئايغىچە، مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە 44 مىللەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇردى، بۇنىڭ بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 49 مىليوندىن كۆپرەككە يەتتى①؛ ئېلىمىزدە قۇرۇلغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 6 مىليون كۋادرات كىلومېتىر-

① خۇاڭ فېڭشياڭ: «ئېلىمىزدىكى ئارىلاش ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1987-يىللىق 4-سانى، 24-بەتكە قارالسۇن.

دىن ئاشىدۇ، دېمەك، ئېلىمىزدىكى يەرلىك مەمۇرىي رايونلار ئىچىدە، دۆلەت زېمىنىدىن ئىگىلىگەن يەر مەيدانىدىن ئېيتقاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار 60 پىرسەنتتىن كۆپرەك جاينى ئىگەللەيدۇ. بۇ تۈزۈم ئېلىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە بىرىپ تاقىلىدۇ، ئېلىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق چېگرىسىدا ۋە دېڭىز مۇداپىئە لىنىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان، ئورغۇنلىغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار چېگرىدا ۋە دېڭىز بويلىرىدا قۇرۇلغان. بۇ تۈزۈم دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم بايلىق مەنبەسى بازىسى مەسىلىسىگە بىرىپ تاقىلىدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مول يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش دۆلەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان مۇھىم قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈزۈم دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولۇش - بولماسلىقى، دۆلەتنىڭ مۇستەھكەم، بىرلىككە كەلگەن بولۇش - بولماسلىقىدىن ئىبارەت توپ مەسىلىگە بىرىپ تاقىلىدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تىنچ ۋەزىيىتى بولمىسا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى بولمىسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقىنىڭ بولۇشى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەل مىللىي تېررىتورىيىلىك

ئاپتونومىيە تۈزۈمى مەملىكىتىمىزدە زور مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قانداق قىلىپ توغرا رەھبەرلىك قىلىشى، باشقۇرۇشى، كۆللەندۈرۈشى ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى تۈپ خاراكتېرلىك زور مەسىلە بولۇپ قالدى. ئاساسىي قانۇن ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قانداق قىلىپ توغرا رەھبەرلىك قىلىشى، ئۇنى باشقۇرۇشى، كۆللەندۈرۈشى توغرىسىدا مۇھىم بەلگىلىمە چىقىرىلغان، تۆۋەندە بۇلارنى بىرنەچچىگە بۆلۈپ سۆزلەيمىز.

## بىرىنچى بۆلۈم دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىش پرىنسىپى

دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا توغرا رەھبەرلىك قىلىش، ئۇلارنى باشقۇرۇش، كۆللەندۈرۈش مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. ئاساسىي قانۇن ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قارىتىلغان رەھبەرلىك قىلىش پرىنسىپى تۆۋەندىكىدەك بەلگىلەنگەن:

بىرىنچى، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا

كاپالەتلىك قىلىشى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش پرىنسىپىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

بۇ — مۇھىم بىر پرىنسىپ. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇشتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تولۇق كاپالىتى بولمىسا بولمايدۇ. دەل مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاساسىي قانۇندا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالاھىدە بەلگىلىمە چىقىرىلغان: ئاساسىي قانۇننىڭ "ئومۇمىي پروگراممىا" قىسمىنىڭ 4 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: "دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇقىغا ۋە مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ." بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان. چۈنكى بۇ ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قانۇنىي ھوقۇقى.

ئاساسىي قانۇندا يەنە گوۋۇيۈەننىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: گوۋۇيۈەن "مىللىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە بۇ ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ۋە مىللىي ئاپتو-

نومىيلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ."

ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ "ئومۇمىي پرىنسىپ" قىسمىنىڭ 8 ـ ماددىسىدا كونكرېت قىلىپ مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ."

ئاساسىي قانۇندىكى ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. دۆلەت قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قوللاشقا تېگىشلىك بولغانلىكى ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قوللاشقا يول قويۇشقا ۋە ئۇنىڭغا پائال ياردەم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن: ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇشى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىگە كىرىدۇ، ئۇنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەستىقلايدۇ؛ ئاپتونوم رايونلارغا بۆلۈنۈشى گوۋۇيۈەننىڭ خىزمەت ھوقۇقى بولۇپ، ئۇنى گوۋۇيۈەن تەستىقلايدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە رايونلارغا بۆلۈنۈشى گوۋۇيۈەننىڭ خىزمەت ھوقۇقى بولۇپ، ئۇنى

گوۋۇيۈەن تەستىقلايدۇ. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغان ۋە 1984 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولغاندىن بۇيان، گوۋۇيۈەن ۋە مۇناسىۋەتلىك ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئاساسىي قانۇندىكى ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى، 1984 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 1987 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 40 مىللىي ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلدى.

2. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا 1954 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندىكى مەسىلىنىڭ قويۇلۇش ئۇسۇلى①

---

① 1954 ـ يىلىدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»نىڭ 73 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك،..."

قوللىنىلىپ، بۇ نۇقتا "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى"نىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قېلىپلاشتۇرۇلدى. بۇ يەردىكى "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى" ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئېيتىلغان. مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى مىللىي ئاپتونوم رايونلار، ئاپتونوم ئوبلاستلار، ئاپتونوم ناھىيىلەرگە نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم ئوبلاستقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى ئۆلكە ياكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى بولىدۇ. مىللىي ئاپتونوم ناھىيىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى يەنىلا ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق ياكى تەۋەسىدە رايون، ناھىيە بولغان شەھەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ، ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ، ئاپتونوم ئوبلاست، تەۋەسىدە رايون، ناھىيە بولغان شەھەرلەردىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئۆزىگە قارايدىغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى بولىدۇ.

ئىككىنچى، دۆلەت بارلىق تېررىتورىيىلىرى بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پرىنسىپى.

ئاساسىي قانۇنىنىڭ "سۆز بېشى"دا دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى توپ خاراكتېرلىك ۋەزىپىسى سۆپىتىدە، "دۆلەت بارلىق تېررىتورىيىلىرى بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ــ ھەرقايسى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىشى، ئۇلارنى باشقۇرۇشى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشىدىكى بىر مۇھىم پرىنسىپ.

1984 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئاپپىي ئاۋاڭجىنمېي 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى (لايىھە)، توغرىسىدا ئىزاھات» دېگەن سۆزىدە مۇنداق دېگەنىدى: "ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى، ئومۇمەن ئالغاندا، بىرقەدەر ئارقىدا، بۇ ــ مىللەتلەر ئارىسىدا تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك. مىللەتلەر ئارىسىدا تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىيەتتىكى بۇ تەڭسىزلىكنى پەيدىنپەي تۈگىتىشتىكى ئەڭ توپ مەسىلە ــ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش. بۇ ئۇزاق

مۇددەتلىك، تولۇق خاراكتېرلىك ۋەزىپە. ئىقتىساد راۋاجلانسا، ئىشلەپچىقىرىش يۇكسەلسە، مەدەنىيەت راۋاجلانسا، مائارىپ يۇكسەلسە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە كەسپىي خادىملىرى يېتىشىپ چىقسا، مىللەتلەر ئارىسىدا تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك پەيدىنپەي ھەل بولىدۇ. بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇندا "دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. لايىھەدە ئاساسىي قانۇندىكى مۇشۇ بەلگىلىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا بىر يۈرۈش بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى."①

دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى دەل مىللەتلەر ئارىسىدا تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى پەيدىنپەي تۈگىتىشنىڭ

---

① «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1984-يىل نەشرى، 41 — 41-بەتلەر.

ئەڭ تۇپ يولى. بۇ رەھبەرلىك پرىنسىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇندا يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشىغا مالىيە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىدۇ."

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىمۇ مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى... ھەممە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىگە تىرىشىپ ياردەم بېرىدۇ."

ئۈچىنچى، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش ھەممە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا تولۇق ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى.

ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش — ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەن، بارلىق خىزمەتلەردە بۇ ئىدىيىۋى لۇشيەندە ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇش، چىگىش ۋە مۇرەككەپ مىللىي خىزمەتتە بولۇپمۇ شۇنداق قىلىش لازىم. ئاساسىي قانۇندا، بۇ نۇقتا ئىزچىل تەكىتلەنگەن ۋە بۇ جەھەتتە بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. ئاساسىي قانۇننىڭ 115 - ماددىسىدا،

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇنغا ئاساسەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، «دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇننىڭ 116-ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق.» ئاساسىي قانۇننىڭ 4-ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ.» ناھايىتى روشەنكى، ئاساسىي قانۇندا تەكىتلەنگەن بەلگىلىمىلەر مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشى، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈشتە شۇ جايدىكى مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىشى؛ دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىشتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىشى لازىم دېگەندىن ئىبارەت. بىر جۈملە سۆز بىلەن

ئېيتقاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئاساسىي قانۇننىڭ روھىغا بىنائەن، بۇ ئىدىيىۋى لۇشيەنگە قارىتا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، ئاساسىي قانۇننىڭ يۇقىرىقى روھى قايتا تەكىتلەنگەندىن سىرت، يەنە، "سۆز بېشى"دا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى قەتئىي يولغا قويۇش ئۈچۈن، "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك" دەپ بەلگىلەنگەن. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 54 ـ ماددىسىدا، مۇھىم بىر رەھبەرلىك پرىنسىپى قىلىپ ئالاھىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا دائىر قارارلىرى، بەلگىلىمىلىرى، بۇيرۇقلىرى ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم."

يۇقىرىدا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى مەسىلىسىنى بايان قىلغان ۋاقىتتا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 20 ـ ماددىسىدىكى تۆۋەندىكى بەلگىلىمىنى ئېيتىپ ئۆتكەندۇق: "يۇقىرى دەرىجىلىك

دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالسا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، جانلىق ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختاتسا بولىدۇ."

ناھايىتى روشەنكى، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئۇ ئىككى بەلگىلىمە بىر-بىرىگە ماسلاشقان بولۇپ، بىرى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى سۈپىتىدە بەلگىلەنگەن بولسا، يەنە بىرى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قارىتىلغان رەھبەرلىك پرىنسىپ سۈپىتىدە بەلگىلەنگەن. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى چىقارغان، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلارنى جانلىق ئىجرا قىلىش ھوقۇقى ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىش ھوقۇقىغا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە دەل ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ بۇنداق جانلىق ئىجرا قىلىش ھوقۇقىغا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىش

ھوقۇقىغا قىلىنغان مۇھىم كاپالەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 55 ـ ماددىسىدا يەنە ئالاھىدە ھالدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشتە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىشى لازىم."

ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىشتە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىشنى، چىقىرىلغان قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلارنىڭ شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە بىر مۇھىم تەرەپنى — دۆلەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشقاندا ۋە ئۇ توغرىدا پىلان تۈزگەندە، بولۇپمۇ خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزگەن ۋاقىتتا، مەسىلىلەرنى چوقۇم كۆپ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىشنى يەنى خەنزۇلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بارلىقىنى؛ دېڭىز بويلىرىدىكى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بەزى رايونلاردىن باشقا يەنە چېگرا رايونلار، چارۋىچە-

لىق رايونلىرى، ئورمانچىلىق رايونلىرى قاتارلىق تەرەققىياتى بىرقەدەر ئاستا بولۇۋاتقان. ھەتتا ئىشلەپچىقىرىشتا يەنىلا "ئۆرتەپ، چوقۇلاپ تېرىش" ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتقان مەلۇم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەنزۇ رايونلىرى تەرەققىي قىلىشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشى لازىم. بۇ—مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا دەل دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. مەيلى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولسۇن، مەيلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ياكى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە تولۇق ئېتىبار بېرىش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئېھتىياجىغا تولۇق ئېتىبار بېرىش لازىم. بىز جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز، "جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك" دېگەن نۇرغۇن جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك ھەرقايسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ۋە 140 نەچچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بولغانلىقى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقان سوتسىيالىستىك شانلىق دەۋرگە كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت.

تۆتىنچى، دۆلەت كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا قارىتا مىللىي سىياسەت توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى ھەمدە مىللىي

سىياسەتكە، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە بۇلارنى ئىجرا قىلىش پرىنسىپىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم.

مىللىي سىياسەت توغرىسىدىكى تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغان خاھىشلارغا قارشى تۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىدا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بەلگىلىمە چىقىرىش ئىزچىل تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان مۇھىم مەزمۇن. 1949 ـ يىلى تۈزۈلگەن «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "چوڭ مىللەتچىلىككە ۋە تار مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئارىسىدىكى كەمسىتىش، ئېزىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشتەك قىلمىشلارنى مەنئى قىلىش كېرەك." 1952 ـ يىلى تۈزۈلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇش نۇقتىلىرى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەر مىللەت خەلقىگە مىللىي باراۋەرلىك، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق كۆز قارىشىنى تىكلەپ، تۈرلۈك چوڭ مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىك خاھىشلىرىنى تۈگىتىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشى لازىم." 1982 ـ يىلى، 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كۈرىشىدە چوڭ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش،

ئاساسلىقى، چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش، يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش لازىم.»

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 66-ماددىسىدا، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا مىللىي سىياسەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىشى، مىللىي سىياسەت ۋە ئالاقىدار قانۇنلارغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم.»

بۇ بەلگىلىمىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق بىرنەچچە نۇقتا بار:

1. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا مىللىي سىياسەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن، بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقىنى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا قارىتا، مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە بولغان ھەر مىللەت ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا قارىتا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت كەڭ خەلق ئاممىسىغا قارىتا مىللىي سىياسەت توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش. مىللىي سىياسەت توغرىسىدىكى تەربىيە ئەلۋەتتە مىللىي قانۇن-تۈزۈم توغرىسىدىكى تەربىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەسىلەن، مەملىكەت بويىچە قانۇن بىلىملىرىنى

ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىگە، تەشۋىق-تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى كىرگۈزۈلدى①.

2. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي سىياسەت ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارغا رىئايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ يەردە دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش تەكىتلەنگەن، بەلكى مىللىي سىياسەتكە رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنىلا تەكشۈرۈپ تۇرۇش بىلەن قالماستىن، يەنە مىللىي مەسىلىگە دائىر قانۇنلارغا رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنىمۇ تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم.

① زۇ يۈيىنىڭ: «1986-يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پۇقرالار ئارىسىدا قانۇنىي ساۋاتلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىل يولغا قويۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى»، 1987-يىل 3-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى «خەلق» گېزىتىنىڭ 5-بېتىگە قارالسۇن.

## ئىككىنچى بۆلۈم دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىشتىكى مۇھىم مەسئۇلىيىتى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇندا ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە مالىيە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىن ياردەم بېرىشى كېرەك، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بېرىدىغان ياردىمى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى قىلىنىپ قانۇن ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇلدى، بۇ ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇن - تۈزۈم مەزمۇنلىرىنىڭ بىر كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى .

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، 1949 - يىلى تۈزۈلگەن «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگ-

رامىسى»دىن تارتىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارغىچە بولغان قانۇنلارنىڭ ھەممىسىدە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان ياردىمى بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدا بىرۋاقىتتا بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان.

1949-يىلى تۈزۈلگەن ئورتاق پروگراممىنىڭ ئالتىنچى بابى — "مىللىي سىياسەت"تە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش بەلگىلىنىش بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك."

1952-يىلى تۈزۈلگەن «يولغا قويۇش نۇقتىسى»دا، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشىغا ياردەم بېرىشى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى، مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىشى قاتارلىقلار مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم مەزمۇنلار قاتارىدا مەخسۇس باب قىلىنىپ، بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان.

1954-يىلى، 1-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا

ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تولۇق كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك." بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قىلغان ياردىمى توغرىسىدا بىرلا ۋاقىتتا چىقىرىلغان بەلگىلىمىدۇر.

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلىرىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى بەلگىلەش ۋاقتىدا، ئومۇمەن، ھەم مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى بەلگىلەندى، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قاراتقان ياردىمى بەلگىلەندى. دۆلىتىمىزدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش بىلەن دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قاراتقان ياردىمى ھامان تەڭ تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھال مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىمىز-

تىڭ دەل مىللەتلەر ھەمكارلىشىدىغان تۈزۈم، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشىغا ياردەم بېرىدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان تۈزۈم ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، ئاساسىي قانۇندىكى پرىنسىپلارغا ئاساسەن، دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن ياردەم بېرىشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن:

بىرىنچى، دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مالىيە جەھەتتىن بېرىدىغان ياردىمى.

دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مالىيە جەھەتتىن بېرىدىغان ياردىمى، ئاساسەن، مۇنداق تۆت جەھەتتىن بولىدۇ:

1. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 56 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ ئابزاسىدىلا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "دۆلەت تۈرلۈك خاس مەبلەغلەرنى ئاجرىتىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يار ـ يۆلەك بولىدۇ."

2. 65 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ ئابزاسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "دۆلەت ئاجراتقان تۈرلۈك خاس مەبلەغلەر ۋە ۋاقىتلىق مەخسۇس مىللىي ياردەم پۇلىنى ھەرقانداق ئورۇننىڭ ئازايتىۋېتىشىگە، تۇتۇپ قېلىشىغا، باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، ئۇنى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نورمال خامچوت

كرىمى ئورنىدا ئىشلىتىشكە يول قويۇلمايدۇ."

3. 57 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ مىللىي سودا سىياسىتىگە ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سودا، تەمىنات ـ سودا ۋە تىبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك كارخانىلىرىغا ئېتىبار بېرىدۇ."

4. 58 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىمىدىكى تۆپ سانلارنى مۇۋاپىق تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ ياكى تەڭشەيدۇ."

ئىككىنچى، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مەدەت بېرىدۇ.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 60 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆز جايىدىكى بايلىق مەنبەلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، يەرلىك سانائەت، قاتناش، ئېنېرگىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تاۋارلار ۋە ئەنئەنىۋى قول سانائەت بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشى ۋە ياخشىلىشىغا مەبلەغ، قەرز پۇل، باج شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، توشۇش، سېتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مەدەت بېرىشى لازىم."

ئۈچىنچى، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 61 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش ۋە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى لازىم."

تۆتىنچى، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي كادىرلارنى ۋە ئىشچىلارنى يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ ھەمدە شۇ جايلارغا مۇۋاپىق ساندىكى تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى ئەۋەتىدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىدا مۇنداق ئىزچىل بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان.

1952 ـ يىلى تۈزۈلگەن «يولغا قويۇش نۇقتىسى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز

جايدا مىللىي كادىرلارنى پىلانلىق يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىشى ئېھتىياجغا قاراپ، مۇۋاپىق تۈردە كادىرلارنى ئەۋەتىپ ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇشى لازىم.»

1978 ـ يىلى، 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈشى» لازىم.

1982 ـ يىلى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆز جايىدىكى مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، تۈرلۈك ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.»

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئاساسىي قانۇننىڭ روھىغا ئاساسەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆز جايىدىكى مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل شەكىللەر بىلەن مۇۋاپىق ساندا ئوقۇتقۇچىلار، دوختۇرلار،

پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىدۇ."

ئەگەر، ئۆتكەندىكى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەردە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىشى ئادەتتىكىچە تىلغا ئېلىنغان دېيىلسە، 1982 ـ يىلى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇن بىلەن 1984 ـ يىلى تۈزۈلگەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەر بىر ـ بىرىدىن ئازراقلا پەرقلىنىدۇ، ئۇلاردا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنى بەلگىلەش تەكىتلەنگەن:

1. ئۆز جايىدىكى مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىشنى بەلگىلەش تەكىتلىنىپلا قالماستىن، تۈرلۈك ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىشنى بەلگىلەشمۇ تەكىتلەنگەن؛

2. ئۆز جايىدىكى مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، تۈرلۈك ئىختىساسلىق كەسپىي تېخنىكا خادىملارنىلا كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى تېخنىك ئىشچىلارنىمۇ كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىشنى بەلگىلەش تەكىتلەنگەن.

ئەگەر، بۇرۇن، 1952 ـ يىلى تۈزۈلگەن «يولغا قويۇش نوقتىسى»دا، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئېھتىياجغا قاراپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مۇۋاپىق تۈردە كادىرلارنى ئەۋەتىش توغرىسىدا ئادەتتىكىچىلا بەلگىلىمە چىقىرىلغان دېيىلىدىغان بولسا، هازىرقى بەلگىلىمەلەر ئۇنىڭغا ئانچە ئوخشىمايدۇ، ئۇلاردا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مۇنداق يېڭى بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان:

1. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن هەر خىل شەكىللەر بىلەن مۇۋاپىق ساندا ئوقۇتقۇچىلار، دوختۇرلار، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىنى ئەۋەتىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن؛

2. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن يۇقىرىقى خادىملارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

بەشىنچى، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 65 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشقا، ئۆز جايىدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ

پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.»
«دۆلەت مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان مىللەتلەر شۆيۈەنى ئاچىدۇ، ئالىي مەكتەپلەردە مىللىي سىنىپ ۋە مىللىي تەييارلىق سىنىپلىرىنى ئاچىدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنى نىشانلىق قوبۇل قىلىش، نىشانلىق تەقسىم قىلىش چارىسىنى قوللانسا بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملار يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا، ئىمتىھان بەرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۆلچىمى ۋە شەرتلىرىنى مۇۋاپىق تۆردە كەڭ قىلىدۇ.»

## ئۈچىنچى بۆلۈم يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەش

ئىقتىسادىي مەنپەئەت مەسىلىسىدە، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق قىلىپ مۇۋاپىق تەڭشەش، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-دىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرى بىلەن شۇ يەردىكى ھۆكۈمەت ۋە ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق تەڭشەش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدە مىللىي مۇناسى-

ۋەت مەسىلىسىدىكى بىر مۇھىم يېڭى مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بۇ مەسىلە توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مۇھىم بەلگىلىمە چىقىرىلغان:

بىرىنچى، دۆلەت ماددىي ئەشيالارنى تەقسىم قىلىش، مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش ۋە يۇقىرىغا يۆتكەشتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 59 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى تەقسىم قىلىشتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئېتىبارغا ئېلىشى لازىم." "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ۋە باشقا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، يۇقىرىغا يۆتكەش پىلانىنى تۈزۈشتە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، يۇقىرىغا يۆتكەيدىغان توپ سانىنى ياكى سېتىۋېلىش ـ قالدۇرۇش نىسبىتىنى مۇۋاپىق قىلىپ بەلگىلىشى كېرەك."

ئىككىنچى، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشتا، قۇرۇلۇش قىلىشتا جايلارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 62 ـ

ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشتا، قۇرۇلۇش قىلىشتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىشى، بۇ ئىشلارنى مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشىغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك." "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومە-يىلىك جايلاردىكى كارخانا ۋە كەسىپي ئورۇنلىرى ئادەم ئېلىشتا، ئالدى بىلەن شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئېلىشى كېرەك." "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا ۋە كەسىپي ئورۇنلىرى شۇ جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىغا هۆر-مەت قىلىشى، شۇ جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك."

بۇ يەردە مۇنداق تۆت تۈرلۈك مۇهىم مەزمۇن بەلگىلەنگەن:

1. دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق مەنبە-لىرىنى ئاچقان، قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان چاغدا، دۆلەت مەنپە-ئەتى بىلەن جايلارنىڭ مەنپەئىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. دۆلەت تەرەپكىلا ئېتىبار بېرىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئېتىبار بەرمەسلىككە هەرگىز بولمايدۇ، جايلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇشقا، ياكى جايلار بىلەن

مەنپەئەت تالىشىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىش، بۇ ئىشلارنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

2. دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق مەنبەلىرىنى ئاچقان، قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان چاغدا، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشىغا ئېتىبار بەرمەسلىككە ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇ يەردىكى ئامما بىلەن مەنپەئەت تالىشىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

3. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنى قۇرغاندا، باشقا جايلاردىن ئىشچى ـ خىزمەتچى ئەكەلسە ياكى باشقا جايدىن ئادەم ئالسا بولمايدۇ، بەلكى ئالدى بىلەن شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئېلىشى كېرەك.

4. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئاچقان كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا "مۇستەقىل كىنەز" بولۇۋالسا بولمايدۇ، بەلكى شۇ جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ

ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى، شۇ جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتسە بولمايدۇ.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 63 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتسە بولمايدۇ."

خېلى ئۇزاق بىرمەزگىلدىن بۇيان، بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك جايلارغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋەتتى، بەزىلىرى ھەتتا پايدا ئالغان كارخانىلارنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىن ئۆزىنىڭ قارىمىقىغا ئېلىۋېلىپ، زىيان تارتقان كارخانىلارنى ئۇلارغا قالدۇرۇپ قويدى، بۇنداق قىلىش مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىسىز. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى خالىغانچە ئۆزگەرتسە بولمايدۇ، دېگەن بەلگىلىمە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن مىللىي ئاپتونو-

مىللىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان مۇھىم بەلگىلىمە-
دۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بۇ بەلگىلىمە دەل «مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 30-ماددىسىدا بەلگىلەن-
گەن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكى كارخانىلارنى
ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ
مۇھىم كاپالىتىدۇر.

# يەتتىنچى باب
# دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

## بىرىنچى بۆلۈم دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش

دۆلەتنىڭ بىرلىكى بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەنىڭ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش — «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن مۇھىم مەزمۇن. بۇ مەسىلە ئۈستىدە بۇ كىتابنىڭ بېشىدىكى بابلاردا ئايرىم - ئايرىم ھالدا توختىلىپ ئۆتتۇق. كىتابخانلارنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى تەگىشەش بىلەن مىللىي

ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىنىڭ توغرا مۇنا-سىۋىتىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق چۈشىنىشكە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئاساسىي قانۇننىڭ «ئومۇمىي پروگرامما» قىسمىنىڭ 4-ماددىسىنىڭ 3-ئابزاسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيە-لىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىدۇ، ئاپتونومىيە هوقۇقى يۈرگۈزۈلىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيە-لىك جايلارنىڭ هەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمىدۇر."

دېمەك، دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىدۇ، ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدىغان جايلار ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناهىيە بولۇپ، بۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمىدۇر. بۇ — ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن، ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ بىر باش پرىنسىپى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، بۇ باش-

پرىنسىپقا ۋە ئاساسىي قانۇندىكى باشقا بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى تەكىتلەش ۋە مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىدە، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتتە مۇھىم بەلگىلىمە چىقىرىلغان:

بىرىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇل-تايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزى-دىغان ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدۇر؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدۇر، ئۇ يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئۆتەيدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۆتەيدۇ، ئۇ دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى، مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇنلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى، ئۆز يېرىدە ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشقا ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ

قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئاپتونومىيە ۋە تۈرلۈك نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق؛ شۇنىڭدەك، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ھوقۇقلۇق.

ئۈچىنچى، دۆلەت بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مەسىلىسىدە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز جايىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇشى كېرەك. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ، بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

# ئىككىنچى بۆلۈم تىنچلىق، ئىپتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» — سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغدايدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان قانۇن.

ئۆتكەن بىرمەزگىل ئىچىدە، بولۇپمۇ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" داۋامىدا، "سول" خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە بولغان تونۇش بەكمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئېلىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مىڭلىغان يىللار داۋام قىلغان تارىخنى بېشىدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق شەكىللەنگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتقىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئورۇنلاپ بولغان بۈگۈنكى كۈندە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاساسىي جەھەتتىن، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ قالدى. سوتسىيالىستىك جۇڭگودا مىللىي مەسىلە ماھىيەتتە سىنىپىي مەسىلە دېيىدىغان بىر خىل خاتا قاراش بولغانىدى، بۇنداق

تەشۋىقات مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە ئېغىر ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلدى. 1980 - يىل 4 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: بىز تارىختىن قېپقالغان مىللىي ئارازلىقنى يېنىكلىك بىلەن سىنىپىي كۆرەش دېسەك بولمايدۇ، ئەگەر مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساق، "ئۇ هالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى مۇقەررەر هالدا ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرگە پۇرسەت بېرىپ قويىمىز."① 1982 - يىل 9 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 12 - قۇرۇلتىيىدا، ئېلىمىزدا بۈگۈنكى كۈندىكى مىللىي مۇناسىۋەت باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت، دەپ ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ھەممە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى.

1982 - يىلى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن

---

① 1980 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»نى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»غا قارالسۇن.

بۇيانقى مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە، قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن زور نەتىجىلەر قوبۇل قىلىنىپ، "بۆز بىشى"دا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن: "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەت خەلقى بىرلىكتە بەرپا قىلغان كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت. باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى ۋە بۇ مۇناسىۋەت داۋاملىق كۈچەيگۈسى." ئاساسىي قانۇننىڭ "ئومۇمىي پروگرامما" قىسمىدا بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي فاكجىنىنىڭ بىرى قىلىنىپ: دۆلەت "مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن.

"سول" خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن، "سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت" دېگەن بۇ سۆز بىرمەزگىل ئاتالمىش سىنىپىي كۆرەشنى ئىنكار قىلىدىغان خاتا سۆز دەپ ئەيىبلەندى. ھازىر ئاساسىي قانۇندا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىللىق بىلەن بەلگىلىمە چىقىرىلدى ھەمدە ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئالاھىدىلىكى باشقا بولماستىن، بەلكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا سوتسىيالىستىك مىللىي نامۇسۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-

نىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئورتاق مەسئۇلىيىتى قىلىپ ئېنىق بەلگىلەندى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ "ئومۇمىي پرىنسىپ" قىسمىنىڭ 9-ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ھەرقانداق مىللەتنى كەمسىتىش ۋە ئېزىشنى مەنئى قىلىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى مەنئى قىلىدۇ."

ئاساسىي قانۇندا ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسى توغرىسىدا بۇنداق ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغانلىقى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت تارىخىدا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداشنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش پرىنسىپى تولۇق گەۋدىلەندۇرۇلگەن. ئۇنىڭدا، دۆلەت بىلەن مىللىي ئاپتونومىيە-

لىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۆلچەملەشتۈرۈشتە، خەنزۇلار بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت بىلەن شۇ جايدىكى باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق پرىنسىپ كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈلگەن:

بىرىنچى، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەردە روھ ئىلگىرى سۈرۈلگەن: يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سىياسىي جەھەتتە مىللەتلەرنىڭ باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ياردەم، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى لازىم.

ئىككىنچى، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا: پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرى بىلەن ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىنى ۋە ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا يەنە: يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونو-

مىيىلىك جايلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش ۋە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئۈچىنچى، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا يەنە «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەت» دېگەن مەخسۇس باب ئاجرىتىلىپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەت بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، دەپ تەكىتلەپ بەلگىلەندى؛ يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: "ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغايدۇ." «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، كوممۇنىستىك تەربىيە ۋە مىللىي سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى لازىم. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا بىر-بىرىگە ئىشىنىش، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىش، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش، بىر-بىرىنىڭ تىل-يېزىقى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە دىنىي

ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بىرلىكتە قوغداش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى لازىم.

تۆتىنچى، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرىغا بىر-بىرىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش ھەققىدە تەربىيە بېرىدۇ ۋە ئىلھام بېرىدۇ. خەنزۇ كادىرلار شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، مەملىكەت بويىچە قوللىنىلىدىغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى ۋە خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا يەنە: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى دۆلەت خادىملىرىدىن شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئىككى خىلدىن ئارتۇق تىل-يېزىقنى پىششىق ئىگىلىگەنلەرنى مۇكاپاتلاش پرىنسىپى بەلگىلەنگەن.

بەشىنچى، ھەرقايسى مىللەتلەرگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە شۇ مىللەتلەرنىڭ ئىرادىسىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىش كېرەك، بۇ — مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتىكى بىر مۇھىم پرىنسىپ. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە چېتىلىدىغان

ئالاھىدە مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشتا، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تولۇق كېڭىشىشى، ئۇلارنىڭ پىكرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

ئالتىنچى، ئاساسىي قانۇندا ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا: "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كۆرىشىدە، چوڭ مىللەتچىلىككە، ئاساسلىقى، چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش لازىم. يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش لازىم" دەپ بەلگىلەنگەن. مەيلى چوڭ خەنزۇچىلىق بولسۇن ياكى يەرلىك مىللەتچىلىك بولسۇن، بۇلارنىڭ ئىككىلىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولۇپ، ئىدىيىۋى تونۇشقا ياتىدىغان مەسىلە. بىز ئىدىيىۋى تونۇشقا ياتىدىغان بۇنداق خاتالىققا مۇئامىلە قىلىشتا، دېموكراتىيە ئۇسۇلىنى، مۇزاكىرە قىلىش ئۇسۇلىنى، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز لازىم. ھەرقانداق مىللەتنى كەمسىتىشنى ۋە ئېزىشنى قەتئىي مەنئى قىلىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان قىلىقلارنى مەنئى قىلىشىمىز لازىم.

بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 93.3 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ھەممە مىللەتنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، لېكىن خەنزۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن چوڭراق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. خەنزۇلار

تارىختا ئۇزۇن دەۋرلەردە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئازادلىقتىن كېيىن سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قالاقلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، تۆھپە قوشۇشى لازىم. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى كەڭ خەنزۇ كادىرلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چۈشىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى، ئۆرپ - ئادىتىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشىدىن؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خىزمىتىگە مۇئامىلە قىلىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىشىدىن ئىبارەت.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى مىللىي مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى تۈرلۈك پرىنسىپلىق بەلگىلىمىلەردە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا

كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئىتى ئۈچۈن يەنى دۆلەت-نىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر-نىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش مەقسەت قىلىنغان.

## ئۈچىنچى بۆلۈم مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پرىنسىپى

سوتسىيالىستىك، كۆپ مىللەتلىك جۇڭگودا، مىللىي باراۋەر-لىكتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشتىكى ئەڭ ماھىيەتلىك بىر مەسىلە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. "دۆلەت بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ"، بۇ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاساسىي قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن، شۇنداقلا بۇ دەل «مىللىي تېررىتو-رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىمۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بەلگىلەنگەن ئاساسىي مەزمۇن.

1958 ـ يىلىدىن باشلانغان "چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش" يىللىرىدا، "مال ـ مۈلۈكنى ئومۇمىيلاشتۇرۇش قىلىۋېتىش شامىلى" چىقىش بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي مەسىلىدە بىرمەزگىل "مىللەتلەرنى

قوشۇۋېتىش" شامىلى چىققانىدى. بۇ، "مىللەتلەرنى قوشۇۋېتىش" شامىلىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىكى مىللىي پەرقنى يوققا چىقىرىش، سۇبيېكتىپچىلىق بىلەن بىر ئەتىگەندىلا مىللىي پەرقنى يوقىتىۋېتىشتىن ئىبارەت بولغان. بۇ "سول" خاتا ئىدىيىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى. مىللەت — بىر تارىخىي كاتېگورىيە، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى، راۋاجلىنىشى ۋە يوقىلىشى ئۈچۈن بىر تارىخىي جەريان كېرەك. ماركسىزمچىلارنىڭ مىللەتتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي كاتېگورىيىگە تۇتقان ئاساسىي كۆزقارىشى مۇنداق: بىرىنچىدىن، مىللەت ھامان بىركۈنى يوقىلىدۇ، ئۇ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مىللەتنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا يوقىلىشى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، بۇ پەقەت كوممۇنىزم ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي پەرق پەيدىنپەي تۈگەپ، دۇنيادىكى مىللەتلەر قوشۇلۇپ بىر گەۋدە بولغاندا ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مىللەتلەرنىڭ يوقىلىشى سىنىپ يوقالغان، دۆلەت يوقالغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ.

مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كوممۇنىزمچىلارنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن بەلگىلىگەن ئۇلۇغۋار غايىسى، بۇ — كوممۇنىزم ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىش، كەلگۈسىدىكى كۆرەش نىشانىمىز، ئۇنى ھازىرقى سوتسىيالىزم دەۋرىنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ھازىرقى تارىخىي

ۋەزىپە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمەس، بەلكى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش. كەلگۈسىدىكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى بولسا پەقەت مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئاساسىدىلا ئىشقا ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇندا ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىمىز مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەپ بەلگىلەنگەن ھەمدە دۆلەت بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ "سۆز بېشى"دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇنى ئىتتىپاقلاشقان، ئاۋات مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ۋەتىنىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ

كۈرەش قىلىشى لازىم.»
مەملىكىتىمىزدە، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىش سىياسىتىنى ئەڭ بۇرۇن تەكىتلەپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ سىياسەتنى چوڭقۇر بايان قىلغان كىشى — جۇ ئېنلەي. 1957 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، جۇ ئېنلەي «دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا» دېگەن سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي سىياسىتىمىز بارلىق مىللەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ. دېمەك، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى مىللەتلەرنى گۈللەندۈرىدىغان سىياسەتتۇر. بۇ مەسىلىدە، ھەممە مىللەت تامامەن باپباراۋەر، ھەرقانداق مىللىي كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ. مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش — بىزنىڭ تۈپ سىياسىتىمىز.»①
مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بۇنداق سىياسەت، بۇنداق تارىخىي ۋەزىپىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى يوقىتىش توغرىسىدىكى كۆزقارىشى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىنغان. بۇ — ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. ئېلىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ

① «جۇ ئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 473 - بەت.

تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى پەيدىنپەي تۈگىتىش — ئۇزاق مەزگىللىك، تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلە. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىز مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى پەيدىنپەي تۈگىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىشلەيدۇ. تارىخىي خاراكتېرلىك بۇ ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇندا ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئىككى تەرەپتىن بەلگىلىمە چىقىرىلغان: بىر تەرەپتىن، دۆلەت بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا — مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشى، ئىتتىپاقلاشقان، ئاۋات مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن.

# سەككىزىنچى باب

# «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى—مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش-تۇرماسلىقنىڭ مۇھىم ھالقىسى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى تۈزۈشتە ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي سىياسىي تۇرمۇشىدا ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى داۋامىدا بۇ قانۇننىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ بۇ قانۇننى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ھەقىقىي تۈردە تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان قىلىش؛ بۇ قانۇننى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش رولىنى ھەقىقىي تۈردە تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ

كىتابتا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ھەقىقەتەن خېلى ياخشى، خېلى مۇكەممەل قانۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» 1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان. ئۈچ يىلدىن بۇيان، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىل يولغا قويۇشتا، بىرىنچىدىن، مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن تارتىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىگە بولغان تونۇشى ئۆستۈرۈلدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى قانۇن - تۈزۈم كۆزقارىشى كۈچەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىندى. ئىككىنچىدىن، مەركەزدىن تارتىپ ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغىچە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىجرا قىلىشتا دائىر قانۇن - تۈزۈمنى يۈرۈشلەشتۈرۈش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئېلىپ بېرىلماقتا، يەنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىلمەكتە. مەسىلەن، سودا مىنىستىرلىكى 1985 - يىلى، «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سانائىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا

دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تۈزدى؛ سىچۇەن، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەر «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىزچىل يولغا قويۇشتىكى بىرقانچە كونكرېت بەلگىلىمىنى ئېلان قىلدى؛ گەنسۇ ئۆلكىسى «گەننەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە سىياسىي بەلگىلىمىلەر»نى ئېلان قىلدى. 1987 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە، مەملىكەت بويىچە 21 ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيە ئۆزلىرىنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقتى، بەزى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار يەنە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى؛ مۇتلەق كۆپ ساندىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونومىيە نىزاملىرىنىڭ لايىھىسىنى تەييارلىماقتا. ئۇچىنچىدىن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىيلەشمەكتە. بۇ قانۇن يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ، 1987 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە، گوۋۇيۈەن 40 ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇشنى يېڭىدىن تەستىقلىدى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مىللىي كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتتى، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتتى. جىلىن ئۆلكىسى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئورمانچىلىق سانائىتى

ئىدارىسىنىڭ ۋە زاۋۇت-كان كارخانىلىرىنىڭ پۈتۈن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى چۈشۈرۈپ بەردى. گەنسۇ ئۆلكىسى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، "گەنەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك پىلانى"ۋە "لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش پىلانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى"نى تۈزۈپ چىقىپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى ئىزچىل يولغا قويۇشنى كونكرېت پىلانغا كىرگۈزدى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىزچىل يولغا قويۇشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تۈزگەن سىياسەت، تەدبىرلىرى بىر-بىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇلۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 1984-يىلدىكى 68 مىليارد 100 مىليون يۈەندىن كۆپرەكتىن 1986-يىلى 87 مىليارد 200 مىليون يۈەندىن

كۆپرەككە يەتكۈزۈپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 13.99 پىرسەنت ئاشۇرۇپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتىنى ئالدىنقى ئالتە بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى 9.7 پىرسەنت ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. 1986 ـ يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 100 مىڭدىن ئېشىپ، 1984 ـ يىلىدىكىدىن 46.2 پىرسەنت ئاشقان. مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ يېڭى قەدەم بېسىلدى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنىڭ ھەممىسى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ خادىملىرىدىن بولغان، بەش ئاپتونوم رايون ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىمۇ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ خادىملىرىدىن بولغان. مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى تەخمىنەن 1 مىليون 600 مىڭغا يېتىدۇ.①

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئۈچ يىلدىن

---

① ليۇ جىڭخۇەي: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ــ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پېڭ چۇڭنى زىيارەت»، «نەزەر» ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 42 ـ سان.

بۇيانقى يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ قانۇننىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىدا يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىلەر ئاساسەن مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسى. مەسىلەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز ئالدىغا قىلىشقا تېگىشلىك مەلۇم ئىشلاردا يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئۇلارغا دائىم يېتەرلىك ھوقۇق بەرمەيدۇ، ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە يېتەرلىك ئېتىبار بەرمەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش، كارخانىلارنى قۇرۇشتا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشى، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ئېتىبارغا ئېلىشى يېتەرسىز. ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا، بەزى تەدبىرلەردە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى يېتەرلىك ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يوليورۇق

خاراكتېرلىك، قارار خاراكتېرلىك بەزى ھۆججەتلەرنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار دائىم قانۇنغا ئاساسەن جانلىق ئىجرا قىلالمايدۇ ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتالمايدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىل يولغا قويۇش ئۈچۈن، بۇ بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش كېرەك.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ھەرقانچە ياخشى تۈزۈلگەن، مۇكەممەل بولغان بىلەن ئەستايىدىل ئىزچىل يولغا قويۇلمىسا، پەقەت قەغەز يۈزىدىكى بىر قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا بەكمۇ ئەرزىيدۇ.

## بىرىنچى بۆلۈم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتنى يولغا قويۇش

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» — دۆلىتىمىزنىڭ بىر مۇھىم تۈپ قانۇنى. بۇ تۈپ قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىنىدۇ ھەم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

بىرىنچى، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن تۈزۈلگەن، ئۇ ئاساسىي قانۇندىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى بولىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاساسىي قانۇندا ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان شۇنداقلا مەخسۇس بۆلۈملەر ئاجرىتىلىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بولغان رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇن — دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى، ئۇ ئالىي قانۇن كۈچىگە ئىگە. ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلغانلىق «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا تۈپ ئاساسىدىن كاپالەتلىك قىلغانلىق بولىدۇ. ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەرقايسى پارتىيىلەر ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى، كارخانا تەشكىلاتلىرى، كەسپىي تەشكىلاتلار ئاساسىي قانۇننى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مىزانى قىلىشى ھەمدە ئاساسىي قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بۇرچىنى ئادا قىلىشى لازىم.

ئاساسىي قانۇندا يەنە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى "ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن تۈپ مەزمۇن ئاساسىي قانۇندىن كەلگەن، ئۇنىڭدا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن دۆلەتنىڭ بىر مۇھىم سىياسىي تۈزۈمىدۇر. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلغانلىقى دەل ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىشنىڭ بىر قىسىم مۇھىم مەزمۇنىدۇر.

ئىككىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئاپتونوم رايونلارنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشىدىكى چوڭ ئىش، شۇنداقلا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئاساسىي قانۇندا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇشنى تەستىقلاش مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ، ئاپتونوم رايوننى قۇرۇش ۋە ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىش مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىدە يولغا قويۇلۇشى كېرەك، ھەرقانداق باشقا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئۇنىڭغا

ئارىلىشىشقا ھوقۇقى يوق، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاساسىي قانۇندا ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز جايىدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈشكە ھوقۇقلۇق، دەپ بەلگىلەنگەن. ئاپتونوم رايونلار تۈزگەن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تەستىقلاش ھوقۇقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا بېرىلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىنلا، ئاپتونوم رايون تۈزگەن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملار ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر تۈزگەن ئاپتونومىيە نىزاملىرى ۋە ئايرىم نىزاملارمۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلۇشى كېرەك. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇندا ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈشتىن ئىبارەت بۇنداق ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

تۆتىنچى، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ماقۇللىشى ۋە ئېلان قىلىشى ئارقىلىق يولغا قويۇلىدىغان مۇھىم تۈپ قانۇن. ئاساسىي قانۇننىڭ 5 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەرقايسى پارتىيىلەر ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى، كارخانا تەشكىلاتلىرى، كەسپىي تەشكىلاتلار «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا رىئايە قىلىشى شەرت، بۇ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر سۈرۈشتۈرۈلۈشى شەرت.

ئاساسىي قانۇننىڭ 67 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، گوۋۇيۈەن ئەگەر «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا زىت كېلىدىغان مەمۇرىي نىزام، قارار ۋە بۇيرۇقلارنى تۈزسە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئۇنى بىكار قىلىشقا ھوقۇقلۇق؛ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئەگەر «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا زىت كېلىدىغان يەرلىك نىزام ۋە قارارلارنى تۈزسە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئۇنى بىكار قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىدىن بىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي

كومىتېتى تاپشۇرغان، ئاساسىي قانۇنغا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قاتارلىقلارغا زىت دەپ قارالغان گوۋۇيۈەننىڭ مەمۇرىي نىزام، قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى، گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىكلىرى، ھەرقايسى كومىتېتلىرىنىڭ بۇيرۇق، يوليورۇق ۋە نىزاملىرىنى، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ يەرلىك قانۇن ۋە قارارلىرىنى ھەمدە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قارار، بۇيرۇق ۋە نىزاملىرىنى كۆرۈپ چىقىپ، دوكلات يېزىشتىن ئىبارەت. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى يەنە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش مەسىلىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش مەسىلىسىگە قارىتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى يولغا قويۇپ، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم گوۋۇيۈەننىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كاپالەتنى يولغا قويۇش

بىرىنچى، ئاساسىي قانۇندا، گوۋۇيۈەننىڭ بىر مۇھىم مەسئۇلىيىتى: "مىللىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە بۇ ئىشلارنى باشقۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك

ھوقۇقىنى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش" دەپ بەلگىلەندى. مىللىي ئاپتونو-مىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى بولۇپ، گوۋۇيۈەنگە بويسۇنىدۇ. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىدا گوۋۇيۈەن بىر مەركىزىي ھالقا ھېساب-لىنىدۇ. گوۋۇيۈەن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق مىنىستىرلىك، كومىتېت-لارنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمە-لەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى بۇ قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم كاپالەت ھېسابلىنىدۇ.

ئاساسىي قانۇندا، گوۋۇيۈەننىڭ يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك بىر مۇھىم خىزمەت ھوقۇقى: "ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن، مەمۇرىي تەدبىرلەرنى بەلگىلەش، مەمۇرىي نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش، قارار ۋە بۇيرۇقلارنى چىقىرىش" دەپ بەلگە-لەنگەن. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا ئاساسەن، مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي تەدبىرلەرنى بەلگىلەشكە، مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي نىزاملارنى تۈزۈشكە، مۇناسىۋەتلىك قارار ۋە بۇيرۇقلارنى چىقىرىشقا ھوقۇقلۇق ۋە شۇنداق قىلىش مەسئۇلىيىتى بار.

ئاساسىي قانۇندا، ئاپتونوم رايونلارنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈشى

ۋە ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ھەم رايونلارغا بۆلۈنۈشى گوۋۇيۈەننىڭ خىزمەت ھوقۇقى ھېسابلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى مەسىلىسىدە، گوۋۇيۈەن بۇ قانۇننى يولغا قويۇش مەسئۇلىيىتىنى بىۋاسىتە ئۈستىگە ئالغان. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ چېگرىسىنى يېنىكلىك بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ئەگەر ئۆزگەرتىش زۆرۈر تېپىلسا، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىنىڭ بەزىلىرىنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن يۈرگۈزۈش لازىملىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز جايىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدايدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى تەشكىل قىلىشتا "گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىنى ئېلىشى" كېرەك؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تاشقى سودا ئېغىزلىرىنى قۇرۇشتا "گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىنى ئېلىشى" كېرەك؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مالىيە كىرىم-چىقىم تۈرلىرىنى ئايرىشتا "گوۋۇيۈەننىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسلىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلار ئۆز جايىنىڭ تۈرلۈك چىقىم ئۆلچەملىرى، ئىشتاتى ۋە نورمىسى توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە ۋە كونكرېت چارىلەرنى تۈزۈپ

ھوقۇقىنى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش" دەپ بەلگىلەندى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى بولۇپ، گوۋۇيۈەنگە بويسۇنىدۇ. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىدا گوۋۇيۈەن بىر مەركىزىي ھالقا ھېسابلىنىدۇ. گوۋۇيۈەن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى بۇ قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم كاپالەت ھېسابلىنىدۇ.

ئاساسىي قانۇندا، گوۋۇيۈەننىڭ يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك بىر مۇھىم خىزمەت ھوقۇقى: "ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن، مەمۇرىي تەدبىرلەرنى بەلگىلەش، مەمۇرىي نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش، قارار ۋە بۇيرۇقلارنى چىقىرىش" دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا ئاساسەن، مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي تەدبىرلەرنى بەلگىلەشكە، مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي نىزاملارنى تۈزۈشكە، مۇناسىۋەتلىك قارار ۋە بۇيرۇقلارنى چىقىرىشقا ھوقۇقلۇق ۋە شۇنداق قىلىش مەسئۇلىيىتى بار.

ئاساسىي قانۇندا، ئاپتونوم رايونلارنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈشى

ۋە ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ھەم رايونلارغا بۆلۈنۈشى گوۋۇيۈەننىڭ خىزمەت ھوقۇقى ھېسابلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى مەسىلىسىدە، گوۋۇيۈەن بۇ قانۇننى يولغا قويۇش مەسئۇلىيىتىنى بىۋاسىتە ئۈستىگە ئالغان. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ چېگرىدسىنى يېنىكلىك بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ئەگەر ئۆزگەرتىش زۆرۈر تېپىلسا، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىنىڭ بەزىلىرىنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن يۈرگۈزۈش لازىملىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز جايىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدايدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى تەشكىل قىلىشتا "گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىنى ئېلىشى" كېرەك؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تاشقى سودا ئېغىزلىرىنى قۇرۇشتا "گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىنى ئېلىشى" كېرەك؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مالىيە كىرىم-چىقىم تۈرلىرىنى ئايرىشتا "گوۋۇيۈەننىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسلىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلار ئۆز جايىنىڭ تۈرلۈك چىقىم ئۆلچەملىرى، ئىشتاتى ۋە نورمىسى توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە ۋە كونكرېت چارىلەرنى تۈزۈپ

چىقىشتا "گوۋۇيۇەنگە ئەنگە ئالدۇرۇشى" كېرەك، ۋەھاكازالار.
«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى بۇ بىر قىسىم
مەزمۇنلار گوۋۇيۇەننىڭ بىۋاسىتە كاپالەتلىك قىلىشى ئارقىلىق
يولغا قويۇلىدۇ. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ
"يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە
ياردىمى" دېگەن 6 ـ بابىدىكى بارلىق بەلگىلىمىلەرگە كەلسەك،
ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاساسەن گوۋۇيۇەن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق
ئورگانلار بىۋاسىتە ئىجرا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا
كاپالەتلىك قىلىدۇ. مەيلى دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا
قاراتقان توغرا رەھبەرلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشتا بولسۇن،
مەيلى دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە زور
كۈچ بىلەن ياردەم بېرىدىغان مۇھىم مەسئۇلىيىتىدە چىڭ
تۇرۇشتا بولسۇن، مەيلى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى
بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت
مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەشتە بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە
ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگىنى بولغان
گوۋۇيۇەننىڭ ئىجرا قىلىشىغا ۋە كاپالەتلىك قىلىشىغا تايىنىلىدۇ.
«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ
يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، گوۋۇيۇەن ۋە مۇناسىۋەتلىك مىنىس-
تىرلىك، كومىتېتلار تەدبىر قوللىنىپ، بۇ قانۇننى ئەستايىدىل
يولغا قويماقتا. مەسىلەن، 1984 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئىجرا قىلىنغاندىن تارتىپ 1987 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە، گوۋۇيۈەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى بويىچە، يەنە يېڭىدىن 40 ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇشنى تەستىقلىدى①. يەنە مەسىلەن، تاشقى ئىقتىسادىي سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت تاشقى پېرېۋوت ئىدارىسى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تاشقى ئىقتىسادىي سودا پائالىيىتىدە تاشقى پېرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىشىدە بەھرىمەن بولىدۇ دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، تاشقى پېرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرۇشتا بەش ئاپتونوم رايون ۋە يۈننەن، گۈيجۇ، چىڭخەيدىن ئىبارەت كۆپ مىللەتلىك ئۈچ ئۆلكىگە قارىتا كونكرېت ئېتىبار بېرىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى.② سودا

① مۇشۇ كىتابتىكى قوشۇمچە 1 دىكى «جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نامى ۋە قۇرۇلغان ۋاقتى»غا قارالسۇن.

② 1985 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ چۈشۈرگەن تاشقى ئىقتىسادىي سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت تاشقى پېرېۋوت ئىدارىسىنىڭ «ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلاردا تاشقى پېرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرۇش چارىسى»غا قارالسۇن.

مىنىسىرلىكى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ئۇزاق مۇددەت يولغا قويىدىغان مىللىي سودا سىياسىتىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سودىسىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىگە قارىتا كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى①. گوۋۇيۈەن ۋە مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، كومىتېتلار قوللانغان بۇنداق تەدبىرلەر «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، كۆپ مىللەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە تەۋەسىدە رايون بولغان شەھەر ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلار، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئىنتايىن بىر مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ.

ئاساسىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونلىرىدا ئاساسىي قانۇننىڭ، قانۇنلارنىڭ ۋە مەمۇرىي نىزاملارنىڭ ھۆرمەتلىنىشىگە ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ." بۇ

---

① 1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ چۈشۈرگەن سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى سودىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»غا قاراڭ.

بەلگىلىمىگە ئاساسەن، كۆپ مىللەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە تەۋەسىدە رايون بولغان شەھەر ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونلىرىدا ھۆرمەتلىنىشىگە ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىزچىل يولغا قويۇش توغرىسىدا يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»غا ئاساسەن مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: كۆپ مىللەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە تەۋەسىدە رايون بولغان شەھەر ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇھىم خىزمەت ھوقۇقلىرىدىن بىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى مىللىي خىزمەت قاتارلىق چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە بەلگىلەش؛ يەنە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن؛ بۇ جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى "ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى" كېرەك. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۆز

تەۋەسىدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەلۋەتتە مۇشۇ مەمۇرىي رايونلارنىڭ مىللىي خىزمە-تىدىكى مۇهىم ئىش هېسابلىنىدۇ.

ئاساسىي قانۇندا، ناهىيىدىن يۇقىرى يەرلىك هەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن هوقۇق دائىرىسىگە ئاساسەن، ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى مىللىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ؛ كۆپ مىللەتلىك ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە تەۋەسىدە رايون بولغان شەهەرلىك ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق هۆكۈمەتلىرى ئۆز قارىمىقىدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق هۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمىتىگە رەهبەرلىك قىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. يەرلىك هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋە يەرلىك هەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ناهىيىدىن يۇقىرى يەرلىك هەر دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمەت هوقۇقىدىن بىرى "ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ هوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە هۆرمەت قىلىش، ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇشقا ياردەم بېرىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم

بېرىش.»

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا، تېررىتورىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە نىسبىتىنى، قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى بەلگىلەيدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇنغا ئاساسەن يۈرگۈزگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ نۇرغۇنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، يولغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار يېزىلاردىكى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئادەم ئېلىشتا ئۆلكىلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى كېرەك؛ ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر تۈزگەن ئۆز جايىنىڭ تۈرلۈك چىقىم ئۆلچەملىرى، ئىشتاتى، نورمىسى توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە ھەم كونكرېت چارە ۋە ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ باجىنى كېمەيتىپ ئېلىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى قارارى ئۆلكىلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈش كېرەك، ۋە ھاكازالار. «مىللىي تېررىتورىيىلىك

ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئالتىنچى بابىدا بەلگىلەنگەن «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى» توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا كەلسەك، گوۋۇيۈەن بىۋاسىتە ئىجرا قىلىدىغان ۋە يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىرىدىن باشقىلىرى كۆپ مىللەتلىك ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، تەۋەسىدە رايون بولغان شەھەرلىك ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق دۆلەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ ۋە يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

ئاساسىي قانۇندىكى ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، كۆپ مىللەتلىك ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، تەۋەسىدە رايون بولغان شەھەرلىك ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق دۆلەت ئورگانلىرى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى بىۋاسىتە يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بەزى كۆپ مىللەتلىك ئۆلكىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىلىرىنى تۈزمەكتە. 1986-يىل 2-ئاينىڭ 7-كۈنى، سىچۇەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى

بىرقانچە بەلگىلىمەءنى تۈزدى. بۇ — كۆپ مىللەتلىك ئۆلكىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى قوللانغان، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى يولغا قويۇشتىكى بىر ئۇنۇملۇك تەدبىر.

## ئۈچىنچى بۆلۈم مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشى

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللىي پرىنسىپى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى بەلگىلەش «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بۇ مۇھىم مەزمۇننى ئىزچىل يولغا قويۇش بولسا، ئاساسەن، دەل مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇندىكى ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈشى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىزچىل يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم قانۇنىي كاپالىتى.

ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە، قانۇندا

بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئاساسەن تۈزگەن ئۆلچەملىك ھۆججەت، ئاپتونومىيە نىزامى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئاپتونومىيە قانۇن- نىزاملىرى؛ ئايرىم نىزاملار مىللىي ئاپتونو- مىيىلىك جايلار قىسمەن خاراكتېردىكى، مەلۇم بىر ئىشنى قېلىپلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن چىقارغان ئايرىم ئاپتونومىيە قانۇن- نىزاملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملار شۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايدىلا قوللىنىلىدۇ، لېكىن، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنىڭ ھۆرمەتلىنىشىگە ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەت- لىك قىلىشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 1984- يىلى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەملىكەت بويىچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقتى، بەزىلىرى تېخى ئايرىم نىزاملارنىمۇ تۈزۈپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى، جۇشيۇڭ يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاپتو- نومىيە نىزامى، جەنۇبىي گۇيجۇ بۇيى- مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلا-- ستىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى، غەربىي خۇنەن تۇجيا- مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى، شىنخۇاڭ دۇڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى، لۇنەن يىزۇ ئاپتونوم

ماھىيىسىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى قاتارلىقلار رەسمىي ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار يېڭىدىن تۈزگەن ئايرىم نىزاملار ئىچىدە رەسمىي ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن، لياڭشەن يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا جانلىق بەلگىلىمىلەرنىڭ چىقارغىنى شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈش خىزمىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تۈزگەن ئاپتونومىيە نىزاملىرىدا شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتىكى مەزمۇن بەلگىلەنگەن:

بىرىنچى، ئاساسىي قانۇندا ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئاساسەن، شۇ جايدىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلى ۋە خىزمىتى بەلگىلەنگەن.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلى ۋە خىزمىتىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار، ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامىدا ياكى ئايرىم نىزاملاردا بەلگىلەيدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ھەرقايسى جايلاردا ئېلان قىلىنغان ئاپتونومىيە نىزاملىرىدىن قارىغاندا، نۇرغۇن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرىدا، ئاساسىي قانۇندا ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئاساسەن، شۇ جاينىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يەنى خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلى ۋە خىزمىتى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان.

ئىككىنچى، ئاساسىي قانۇندا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ۋە باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانداق يۈرگۈزۈشى كونكرېت بەلگىلەنگەن: دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلار تۈزگەن ئاپتونومىيە نىزاملىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆز جايىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قانداق تېزلىتىش توغرىسىدا ئالاھىدە بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان.

ئۈچىنچى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى

سوتسيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى قانداق كونكرېت بىرتەرەپ قىلىش بەلگىلەنگەن.

مەملىكىتىمىزدىكى ئورغۇنلىغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ قورۇلمىسى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئاساسەن، ھەممىسى كۆپ مىللەتلىك رايون. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان بىر مىللەت بولسا، بەزىلىرىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئىككى مىللەت ياكى ئىككىدىن ئارتۇق مىللەت بار. بەزى جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ نوپۇس نىسبىتى يۇقىرىراق، بەزى جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ نوپۇس نىسبىتى تۆۋەنرەك، بەزى جايلاردا ھەتتا ناھايىتى تۆۋەن؛ بەزى جايلاردا بىللە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر كۆپرەك، بەزى جايلاردا بىللە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئازراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئازدۇر-كۆپتۇر تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەت تەركىبلىرى بار؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئازدۇر-كۆپتۇر خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان، بەزى جايلاردا ھەتتا خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي

ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشى تەڭشەشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئېلان قىلىنغان ئاپتونومىيە نىزاملىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقايسى جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىنىڭ لايىھىسىنى تەييارلاش ۋە تۈزۈش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، بولۇپمۇ يولغا قويۇش ئۈچۈن ئېلان قىلىنغان ئاشۇ ئاپتونومىيە نىزاملىرىدىن قارىغاندا، ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈشتە تۆۋەندىكى بىرقانچە مۇھىم پرىنسىپ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن:

بىرىنچى، ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈشتە قانۇن، تۈزۈملەرنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. ئاپتونومىيە نىزامىدا ئاساسىي قانۇندىكى، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى ۋە باشقا قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىل يولغا قويۇش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈشتە، مەملىكەت بويىچە قانۇن-تۈزۈمنىڭ بىرلىكىگە كېلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئەمەلىيەتتە دەل ئاپتونومىيە بىلەن بىرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدۇر.

ئىككىنچى، ئاپتونومىيە نىزامى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن تۈزۈلۈشى، چوقۇم ئۇنىڭدا ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇشى، شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە شۇ رايوننىڭ

ئەمەلىي ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇشى، شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە شۇ جاينىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. ھەرگىز باشقا ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرىدىكى ماددىلارنى كۆچۈرۈپ كەلمەسلىك لازىم.

ئۈچىنچى، ئاپتونومىيە نىزامىدا بەلگىلەنگەن مەزمۇنلاردا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، قاندااق قىلىپ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى قاندااق تېزلىتىش، ئىتتىپاقلاشقان، ئاۋات مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنىشى كېرەك.

تۆتىنچى، ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈشتە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، يەنى سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ بىزنىڭ دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىنىڭ ئورتاق ئاساسى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈشتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى يولغا قويۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت

قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونومىيە نىزامى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، زۆرۈر بولغان ئالاھىدە سىياسەتلەرنى ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئىشىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشى لازىم.

## ئۆتىنچى بۆلۈم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇش

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەتبىق قىلىپ ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتىنىڭ قانۇنلىشىشى، تۈزۈملىشىشىدۇر.

جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى، ھەرقانداق بىر قانۇننى تۈزۈش، ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئىشقا ئاشىدۇ. ئېلىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ تۈزۈلۈشى، ئىجرا قىلىنىشى ۋە

يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»مۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە تەييارلىنىپ، ئاندىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىقىپ، 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىدا ماقۇللانغاندىن كېيىن، ئاندىن يولغا قويۇش ئۈچۈن ئېلان قىلىنغان. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى تۈزۈش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللىي خىزمەتتىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى بىر مۇھىم ۋەزىپىسى. 1981-يىل 6-ئاينىڭ 27-كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: "سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىز ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز مىللىي مەسىلىدە ئۆتكەندە، بولۇپمۇ 'مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى'دا

سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىشتەك ئېغىر خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزدۇق. خىزمەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى. بۇ ساۋاقنى چەزمەن ئەستايىدىل قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسەن ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇشىمىز لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرىنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاج-لاندۇرۇشىغا ھەقىقىي تۈردە ياردەم بېرىشىمىز، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشىمىز ۋە ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى بۇزىدىغان بارلىق سۆز ۋە ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇ-شىمىز كېرەك."

بۇ — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 يىلدىن بۇيانقى مىللىي خىزمەتتىن چىقارغان ئاساسىي يەكۇنى، شۇنداقلا دەل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مىللىي تېررىتو-

رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش ھەمدە بۇ قانۇننىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش-تىكى باش يېتەكچى قائىدىنى. بۇ قاراردا يەكۈنلەنگەن مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم تەجرىبە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ ئىرادىسى، دۆلەتنىڭ تۈزۈمىگە ئايلاندۇرۇلغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ۋە دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلغاندا، بىر تەرەپتىن، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، پارتىيىسىنى قانۇن ئورنىغا قويماسلىقنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇ — بىرمەزگىلدىن بۇيانقى تارىخىي ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا چىقىرىلغان خۇلاسە، بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. دەل مۇشۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى»نىڭ «ئومۇمىي پروگرامما» قىسمىدا ئېنىق قىلىپ: "پارتىيە ئۆز پائالىيىتىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشى كېرەك" دەپ بەلگىلەنگەن ھەمدە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى سۆزلەنگەندە: پارتىيە ئەزالىرى دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى شەرت، دەپ بەلگىلەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ بۇ ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار

ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقى-دىكى سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە پارتىيە ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بارلىق قانۇنلارنى يولغا قويۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم كاپالىتى دېگەن مەسىلىنى گەۋدىلىك تەتقىق قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

بىرىنچى، مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىغا قارىتا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتىشى بۇ قانۇننى يولغا قويۇشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىك سەپ بۆلۈمى 1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتو-رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى›نى تەشۋىق قىلىش تېزىسلىرى»نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىك سەپ بۆلۈمى؛

